

كۆكسۈڭنى خەزىنە قىلالىساڭ ئەگەر،
دانالار لېۋىدىن تۆكۈلەر گۆھەر.

— ئابدۇراخمان جامى

# دانالار خەزىنىسىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ
مۇھەررىرى: رەخىم قاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1986 - يىل. ئۈرۈمچى

بۇ كىتاب سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستانى غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据苏联乌孜别克共和国出版社一九七六年第一版第一次印刷本翻译出版。

**دانالار خەزىنىسىدىن**

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى و - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11·75
1986 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-0027-6/I-7
كىتاب نومۇرى: M10124·226
سانى: 1 — 30·150
باھاسى: 0·87 يۈەن

## مۇندەرىجە


ئادەم ........................................ 1
ئەقىل ۋە ئىدراك ........................ 6
ئاتا - ئانا، ئايال، پەرزەنت ............ 20
ئەمگەك .................................... 27
ھۈنەر ...................................... 37
ئىلىم ....................................... 42
جاھالەت .................................. 69
ۋەتەن ..................................... 74
خەلققە مېھرىبانلىق ..................... 76
مەردلىك .................................. 81
چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت ...... 90
كوللېكتىپ ............................... 96
دوست - يار .............................. 101
تىنچلىق ................................... 120
ياخشىلىق ................................ 126
يامانلىق .................................. 143
ئادالەت ................................... 155
ئىشق ۋە مۇھەببەت ....................... 162
توغرىلىق ۋە راستچىللىق.................. 172
يالغانچىلىق .............................. 180



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەتنىيەتلىك ........................................ 184
ئەدەب ........................................ 186
سۆز ........................................ 197
سۆزلەش قائىدىسى ........................................ 206
سىر ساقلاش ........................................ 220
نەسىھەتنىڭ پايدىسى ........................................ 225
.ئويلاپ ئىش قىلىش ........................................ 230
يامان ئادەت، يامانلىق ........................................ 241
ساياھەتنىڭ پايدىسى ........................................ 256
مەنمەنلىك ........................................ 299
تاماق يېيىش قائىدىسى ........................................ 266
قانائەت ........................................ 272
سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ........................................ 286
دۈشمەنلىك ........................................ 301
مەستلىك ........................................ 309
دىن ۋە دىن ئەھلىلىرى ........................................ 315
ئۆنىڭدىن - بۇنىڭدىن ........................................ 328
پارس - تاجىك شېئىرىيىتى تالانتلىرى ........................................ 344

# ئـادەم

زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.
سەرۋىدەك باشنى تىك كۆتۈرەر مەغرۇر،
بارلىقى — ياخشى سۆز، ئەقىل، تەپەككۇر.
ئەقىل بىلەن ئىدراك پەقەت ئاڭا يار،
پۈتۈن تىلسىز ئالەم پەرمانىغا زار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دۇنيانىڭ تىلىكى، مېۋىسىمۇ بىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى — جەۋھىرىمۇ بىز.
بۇ دۈگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى — گۆھىرىمۇ بىز.

— ئۆمەر ھەييام

كىشى ئۆزلۈكىدىن ياخشى يە يامان،
قەدىرلىك، خارۇ زار، غەمكىن، شاد - خۇرام.

ئەقىل ئېيتار: بۇلارنى پەلەككە ئارتما،
پەلەك سەندىن ئاجىز، بىچارە ھامان.

— ئۆمەر ھەييام

ئاسمان ۋە زېمىندا بارلىق بارلىقى،
ئادەمنىڭ پىكرىدىن ئەمەس تاشقىرى.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئادىمىلىكتىن تاپار ئادەم شان،
ئادەم بولسىلا ھەممە بار ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئادەم پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەس،
ئادەملىك جەۋھىرى بىلەن گۈزەل بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جانى جاھانى ھەممە ئالەم ئۆزۈك،
ئالەمگە سىغمىغۇچى جان ھەم ئۆزۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاچقۇچ بولۇپ كەلدىڭ، ئويۇنچۇق ئەمەس،
ھەممە خەزىنىنى ئاچالساڭ بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن ئادەم ئىكەنسەن، ئۆزگىمۇ ئادەم،
كەمچىلىكسىز ئادەم بولماس ھامانەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

بېشى كۆككە يەتكەن مەغرۇردۇر ئىنسان،
لېكىن ھەيران ئەقلى گۇم بولغان ھەرئان.
بىر خاسىيىتى بار سىغماس ئەقىلگە،
ئۆزى ياراتقانغا قۇل بولار ئاسان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تۆت دەھىر ئارا ئۆزۈڭ نۇر ئاپتاپ،
يەتتە بەھىر ئىچرە گۆھەرسەن شۇتاپ.
ھەر نەرسىگىمۇ يېتىپتۇ ئەقىل،
ئۇندىن ئەۋزەلسەن، بۇنى ياخشى بىل.

دۇنيا مېۋىسىنىڭ شېرىنكارى سەن،
ئەممىسىدىنىمۇ ھوسۇلدارى سەن.
قايسى تەرەپكە ئۇچتى خىيالىڭ،
سەن قىلساڭ پەرۋاز، يېتەر ماجالىڭ.
دىل ھىممىتىڭدىن ھايات گۈلىستان،
قول قۇدرىتىڭدىن ھەممە ياق بوستان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىم ھوشيار بولسىلا ھەربىر قەدەمدە،
ئىبلىس شۇملۇقىنى سىزەر شۇ دەمدە.
كىم قىبلە قىلمىسا ھەزرەت ئىنسانىنى،
لەنەتكە ئۇچرايدۇ بولۇپ شەرمەندە.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەي ئىنسان، قولۇڭدا ھەۋەس تولغان جام،
ۋەسۋەسىدىن تىنماس دىل بىسەرامجان.
سەن شۇ ئادەمغۇ، بۇشۇكۇڭدىمۇ
تەۋرىتىپ تۇرمىسا، تاپمايتتىڭ ئارام.

— ئابدۇقادىر بېدىل

پايانسىز بىلىمغۇ سەندە مۇجەسسەم،
ئەنقادىن بۈيۈكرەك ئاددىي پاشاڭ ھەم.
جاھاننىڭ تەركىبى بىرلىككە ئىگە،
بۇ بىرلىك شۇبھىسىز نەپەسىڭدە جەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

جەۋھىرى قۇدرەت بار تىل - زۇۋانىڭدا،
ھەقىقەت، ساداقەت ھەر بايانىڭدا.
مىڭ ئەپسۇس، خاتالار مەنبەسى بولساڭ،
جەبرائىل پەرۋازى ئاشيانىڭدا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گاداي كىيىمىدە كەلدىڭىز، ئەمما —
ئەسلى ماكانىڭىز يۈكسەك كۆك - ساما.
مېھرىبانلىق قىلىڭ بىر - بىرىڭىزگە،
ئاسمان ئەدىڭىزغۇ، بولماق سىز پەگا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىنسان جۇرئەت قىلىپ تىكسە گەر جاننى،
يەرگە ئېلىپ چۈشكەي ئېگىز ئاسماننى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەتلەس ۋە يۇڭدىن لىباس ئەمەس ئادەمنىڭ شەۋكىتى،
بۇ ماتالار ئەكسىچە ئوت ۋە يالقۇننىڭ زىننىتى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## ئەقىل ۋە ئىدراك

ئەقىللىقلەر ئېيتار: ئەقىل — پادىشاھدۇر،
ئەقىل ھەممىگە بىر پەرمان راۋادۇر.
ئەقىل كىشىلەر تېنىنىڭ لەشكىرى،
پۈتۈن شەۋكەت - ئارزۇ ئۇنىڭ چاكىرى.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

ئەقىل پادىشاھدۇر بەكمۇ مېھرىبان،
قويلارنى بۆرىدىن قوغدىغان چوپان.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

ئۇچۇق كۆزدىن زېرەك — ئەقىلدۇر، ئەقىل،
دانالاردىن يۈكسەك — ئەقىلدۇر، ئەقىل.
ئەقىل رەھنامە — يول بېشىڭ بولسۇن،
جاھاندا ئۇ ھەر ۋاقىت يولدىشىڭ بولسۇن.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

خۇدا نېمەتلىرىنىڭ ئەلاسى ئىدراك،
ئەقىلنى مەدھىيىلەر كىمكى دىلى پاك.
ئەقىل يول كۆرسىتىپ دىلنى قىلار شاد،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىق ئاباد.
ئەقىل تىرىك جانكى، بىلمەيدۇ زاۋال،
ئەقىل تۇرمۇشقا ئاساس — بۇنى يادلاپ ئال،
ئەقىلدىن غەمكىنلىك، شادلىق، ئۆكتەملىك،
ئەقىلدىن بارلىق ۋە يوقلۇق ھەم كەملىك.
گەر كىشى ئىش قىلسا بى ئەقىل - ئىدراك،
قىلمىشىدىن بولىدۇ يۈرەك - باغرى چاك.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىلنىڭ يولىدىن ماڭسا ھەر كىشى،
ھېچقاچان يامانلىق بولمايدۇ ئىشى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قاچانكى ئەقىلدىن كاللا خالىدۇر،
ياخشى بولماس تىلى ياغدۇرسىمۇ دۇر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىل باشتا بولسا، ھەر ئىشچان كىشى،
ئالدىرىماي، ئويلىنىپ قىلىنار ئىشى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىلسىز باش ـــ جانسىز تەندۇر.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ھەمىشە ئەقىلگىنى رەھنامە ئەتكىن،
نالايىق ئىشلاردىن يىراققا كەتكىن.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەقىللىق بول، بولغىن بى زىيان،
ھەمىشە تىلىڭغا بولغىن پاسىبان.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تىلىڭنى سۆزلەشكە ساز، مۇھەييا① قىل،
تىلىڭنى ئوق قىل ۋە ئەقىلنى يا قىل.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلسا پەقەت،
تەقدىر يۈلتۈزىدىن نالىماس ئەبەد.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

---

① تەييار

سىلىملىك جىنىنى پەرۋىش قىلار، باق،
ئەقىل يول كۆرسىتەر كىم سالسا قۇلاق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىل پادىشاھدۇر، زوۋانىڭ — پالۋان،
خالىساڭ، قىينالماي قىلارسەن راۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىستىسەڭ ياخشىلىق، ئەقىل پاسىبان،
قارا بولۇتتىنمۇ چىقىسەن ئامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىل سىزنىقىدىن چىقما ھېچقاچان،
كۆڭۈلگە دەرد — ئازاب سالار پۇشايمان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئادەمنىڭ ئەقىللىق دېگەن ئېتى بار،
ئادەمنىڭ ئادەمگە ئەزىز زاتى بار.

— ئەسەدى تۇسى

ئىدراكقا تولسا گەر ياشنىڭ پاك قەلبى،
ھەتتا قېرىلاردىن ئۆتىدۇ ئەقلى.

— ئەمەدىي تۇسىي

قۇياشلىق ئۇپۇقتا زىبا بولار، بىل،
كىشى دانا بولسا دەريا بولار، بىل.

— ناسىر خىسراۋ

ئەقىلگە بىلىم بىلەن بەرگىن ياردەم،
ئەقىل — بۇ ئىلىمگە خېرىدار ھەردەم.

— ناسىر خىسراۋ

دانا سۆھبىتىدىن قاچمىغىن ئەسلا،
ئۆتكۈزەر، تىلىمۇ تەسىرنى ساڭا.

— ناسىر خىسراۋ

ئادەمدە تەۋەززۇ ئەقىلدىن دېرەك،
ئۇلۇغلۇق ھىممەتتىن تاپىدۇ بېزەك.

— ناسىر خىسراۋ

نادان بولغىنىدىن ساڭا دوست - ئورتاق،
دانادىن دۈشمىنىڭ بولغان ياخشىراق.

— ناسىر خىسراۋ

قېرى كىشى بولسا نادان ۋە جاھىل،
ئەقىللىق گۆدەكنى ئۇندىن ئەۋزەل بىل.

— ناسىر خىسراۋ

ئەرزىيدۇ دانا سۆھبىتى جاھانغا،
يۈز نادان ئەرزىمەس بىر بۇردا نانغا.

— ناسىر خىسراۋ

ئەقىل بىلەن قۇل بولار ئازاد.

— ناسىر خىسراۋ

ئەقىلنىڭ ئالتۇندىن ئارتۇقلۇقى بار،
ئالتۇن بىلەن ئادەم بولالماس ھوشيار.

— ناسىر خىسراۋ

ئەقىلنىڭ دەرىخى — قېرىلىق، ھەر ئان —
دەرىخى ئايانىدۇر، مېۋىسى پىنھان.

— ناسىر خىسراۋ

بولمىسا قېرىلىقتا ئەقىل ۋە ئەدەب،
بولمايدۇ ئاتاشقا ئۇنى ئادەم دەپ،

— ناسىر خىسراۋ

سۆزلىمە قىلماستىن ئەقلىڭ ئىشتىراك،
ئۇنى تەڭ قىلمايدۇ ئارپىغا ئىدراك.

— بەخرەددىن گۆرگانىي

گەر كىمدە ئەقىلدىن ئازدۇر - كۆپتۇر بار،
ئۆمۈردىن بىر دەمنى ئۆتكۈزمەس بىكار.

— ئۆمەر ھەييام

كىمنىڭ ئەقىل پەمى بولسا خوپ بەلەند،
پايدىسىز سۆزگە ئۇ قىلماس تىلنى بەند.

— نىزامىي گەنجەۋىي

شۇنداق ئىشنى قىل، كۆتۈرسۇن ھالەت،
كەلتۈرمىسۇن ساڭا خىجالەت.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىمدە بولسا ئەقىل ۋە دانىشدىن چىراغ،
بولىدۇ تۆت نەرسىدىن ئۇ دائىم يىراق:
نالايىق ئىشلارغا يول قويمايدۇ ئۇ،
كىشىلەرنى نائۈمىد قالدۇرمايدۇ ئۇ،
ھوشيار بول، قىلما يامانلىق مەيلىنى،
بولما يىنىك، قىل ئامانلىق مەيلىنى.

— پەرىدىدىن ئەتتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى كىشى ئارىسىغا ئوت ياقسا كىمكى،
ئوتتۇرىدا شۇ نادانىنىڭ كۆيىدۇ ئۆزى.

— سەئىدى شېرازى

كىمدە يوقكەن ئەقىل ھىممەت، تەدبىر، پەم،
دېمەك بۇ سارايغا چۈشمەس ھېچ ئادەم.

— سەئىدى شېرازى

ھەر كىشىدە بولسا ئەقىل ھەم ھۈنەر،
دۇنيادا ئىككى ئۆمۈر لازىم بولار.
دەسلەپىدە يىغسا بىلىم، تەجرىبە،
كەينىدىن ھەممەسىنى ئىشقا سالار.

— سەئىدى شېرازى

بولسا گەر ئالتۇندەك دانا ۋۇجۇدى،
تاپىدۇ ھەر يەردە ھۆرمەت ۋە ئىززەت.
قەغەز پۇلغا ئوخشار بايۋەچچە نادان،
تاپالماس يات يۇرتتا قەدرۇ قىممەت.

— سەئىدى شېرازى

گاھىدا روشەن پىكىرلىك دانالاردىنمۇ،
چىقماسلىقى مۇمكىن دۇرۇستراق تەدبىر.

گاھىدا ئەقىلسىز گوۋدەك بىر بالا،
ئادىشىپ، نىشانغا ئوق ئاتار ماھىر.

— سەئىدىي شىرازىي

قىلىشمايدۇ ئىككى ئاقىل جېدەل ئەسلا،
پوچەك باشتا ئەقىل دائىم ئورۇن ئالسا.
جاھالەتتە نادان سۆزى بى مەنادۇر،
ئەقىللىقنىڭ لۇتپىغا دىل مەھلىيادۇر.
ئۈزۈشمەيدۇ ئىككى ئاقىل قىلنى ھەتتا،
بىرى تەمكىن، بىرى سۈلھ ئىزلىسىلا.
قىلسا ئەگەر ئىككى جاھىل جېدەل - ماجىرا،
ئۈزۈلمەيدۇ بولسا زەنجىر بۇ ئارىدا.

— سەئىدىي شىرازىي

بىر ئاقىلنى بىر ئەخمەق سۆكتى، ئۇ دەم،
دېدى ئاقىل ئاڭا: «ئەي ياخشى ئادەم،
سەن ئېيتقاندىن بەتتەرراقمەن، بىلىمەن،
ئۆز ئەيىبىمنى ئۆزۈم ئوخشاش بىلمەيسەن.»

— سەئىدىي شىرازىي

ياخشى كىشىلەر سۆزىنى سۆزلىگىن،
گەرچە ساڭا سالمىسىمۇ ئۇ قۇلاق.
تىڭلىغۇچى قانچە تەرسا بولسىمۇ،

باغلىنىدۇ ئىككى قول - ئىككى ئاياغ.
ئاخىر چاۋاك چېلىپ ئۇ، ئېيتار مۇنداق:
«دانالارنى تىڭشىماي ھالىم چاتاق!»

— سەئىدىي شىرازىي

بۇيرۇماس ئەقىللىق كىشى ھېچقاچان،
دىتى يوق كىشىگە مۇھىمراق بىر ئىش.
بورا توقۇغانمۇ توقۇغۇچى، لېكىن،
قولىدىن كېلەرمۇ يىپەك ئىش توقۇش؟

— سەئىدىي شىرازىي

ئاقىلغا پەس ئادەم كۆرسەتسە جاپا،
كۆپ ئەلەم چەكمىسۇن، بولمىسۇن خاپا.
ئاددىي تاش سۇندۇرسا زەر قاچىنى گەر،
تاش داڭقى ئۆسمەيدۇ، كەمسىتىلمەس زەر.

— سەئىدىي شىرازىي

دانانى شەرمەندە قىلدىمغۇ، دەيدۇ،
غورۇرى ئۆرلىگەن ماختانچاق نادان،
بىلمەس ئۇ، ناغرىنىڭ ئاۋازى دائىم
«ئەجەم» كۈيىنىمۇ باسىدۇ ئاسان.

— سەئىدىي شىرازىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر كىشى بولسا كارامەت دانا،
تەمەننا قويمايدۇ دانالىقىغا.
نېمىشقا ئالتۇن تاج تاقىغان تاۋۇس
مىڭ ئەينەك بار، باقماس زىبالىقىغا؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىشى پاراسەتتە كەم بولسا قانچە،
ئەيىبىنى ئاقلاشقا ماھىردۇر شۇنچە.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇغداي دانىسىگە چۈشسە قۇرت گەر،
ئۇنىڭغا شۇ بۇغداي ھەم ئاسمان، ھەم يەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بولمىسا قۇلاق ۋە كۆكۈلدە دىت - پەم،
بار ئۇلار ئېشەكتە، خېچىردىمۇ ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى بولسا ئەقىلگە يولداش،
يىقىلغانغا بولىدۇ قولداش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پەلەك ئاۋۋال كور قىلار ئەقىل كۆزىنى،
كېيىن جايلار ئاقىللارنىڭ ئۆزىنى.
بىرەر مەقسەتتە ئۆپكە كىرسە ئوغرى،
چىراغنى پۈۋلىگەي ئۇ تـوپمۇ تـوغرى.

— خوسراۋ دېھلەۋي

ئەگەر پىنھان خەزىنە ئاقىل،
ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئېغىزدىكى تىل.

— خوسراۋ دېھلەۋي

تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈمگە قاراپ،
ئەي ئەقىل ۋە ئىنساپتىن بىخەۋەر كىشى.
تەن غىلاپ بولسا، ئەقىلدۇر قىلىچ،
غىلاپنى كۆرمەسەن، كۆر قىلىچ ئىشى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەقىلسىز كىشىنىڭ ئىشىنى ئەقىل
باشقىغا بەند ئېتەر، بۇنى ياخشى بىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

زېرەك ۋە دانادۇر پەقەت شۇ ئادەم،
سەۋر - تـاقەت قىلسا ئېغىر دەردتە ھەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

دانالىقتىن لاپ ئۇرغان ئەي شەھۋەتكە بىرىلگەن،
بۇزۇق خوتۇن، چاچ ئۆرۈمى، ساراڭلىقنىڭ زەنجىرى.
تىز چۆكۈپ ئالدىدا قىلساڭ بەتقىلىقلىق ئاشكارا،
ئەقىلدىن يوقتۇر ئەسەر، بۇ — ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى.

— ئابدۇراخمان جامي

ئەقىللىق دەپ بىلگەن ھەر بىر كىشىدە،
دىۋانىلىقتىنمۇ يەنە ئەسەر بار.
— دۇنيا تەشۋىشىدىن شۇ دىۋانىلىق —
سايىسىدە پەقەت ئامانلىق تاپار.

— ئابدۇراخمان جامي

بوش كاللا ئۆزىگە ياسايدۇ بىنا،
يۈز خىل خام خىياللار بار ئاندا راسا.
دەردسىز دىل ھەۋەستىن تاپالماس چارە،
شىشە بوشاپ قالسا، شارابى — ھاۋا.

— ئابدۇقادىر بىدىل

قايسى باشتا بايلىق غۇرۇرى ئايان،
فازىلۇ كامال زوقى كەمدۇر بى گۇمان.
بۇنداق ئەقىلسىزلەر مەنە ئاڭلالماس،
زەر سىزىقنى كۆرەر ۋاراقلاپ قۇرئان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

جاڭجال قوزغىتىدۇ ئۈچ ۋە ئاداۋەت،
ئاقىللاردىن چىقسا بەتتەر قاباھەت.
ئەڭ روشەن چىراغتىن كۆتۈرۈلگەن ئىس،
باشقا ھەممە ئىستىن قارىدۇر ئەلۋەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

# ئاتا ـ ئانا، ئايال، پەرزەنت

ئوغۇلنى ئاتىغا ئوخشىتار جاھان،
بۇ ئىش ئاشكارا ۋە ياكى پىنھان.
ئەگەر يەرگە ئۇرسا ئاتا كامىنى،
كەچ ئۇنداق ئوغۇلدىن، ئېيتما نامىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئانا نەسىھىتىنى ئەستە چىڭ ساقلا،
دۇنيادا يامانلىق ئىزدىمە ئەسلا.
سەن بولدۇڭ باغرىدا جاندىن ئەزىزى،
جېنىڭدەك ئەزىزلە كېچە ـ كۈندۈزى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ياشلىق، تەلۋىلىكنى تاشلا بېشىڭدىن،
ئانا خىزمىتىدە بولغىن يېشىڭدىن.

— ناسىر خىسراۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلۇت يىغلىمىسا چىمەن كۈلمەيدۇ،
بالا يىغلىمىسا ئانا بىلمەيدۇ.

— جالالىدىن رومى

قاچان ئاتام ئۆمرى ئاخىرغا يەتتى،
نەسىھەت سۆزىنى ماڭا دەپ كەتتى:
شەھۋەت — ئوت، بۇ ئوتتىن قىلغىن سەن پەرھىز،
بۇ دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كەتمە تېز.
بۇ ئوت كۆيدۈرسە بولغاي تاقىتىڭ تاق،
سەۋردىن سۇ چېچىپ ئۆچۈرگىن ياش چاغ.

— سەئدى شېرازى

چۈشەندىم ئاتاڭ ئىكەن كۆپ پازىل①،
ئاتاڭنىڭ كامالىدىن ساڭا نېمە ھاسىل؟

— سەئدى شېرازى

دىل ئارامى ياخشى بولسا گەر خوتۇن،
يامان بولسا ئۇندىن خۇدا ساقلىسۇن.

— سەئدى شېرازى

يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئۇستۇڭدىن غىر - غىر،
ئاتاڭ مازارىغا باردىڭمۇ بىر دەم؟

---

① ئالىم. بىلىمدان.

ئاتاڭ خاتىرىگە نىمە ياخشىلىق —
قىلدىڭكى، ئوغلۇڭدىن كۆرىسەن سەن ھەم.

— سەئدى شىرازى

ئۆزى بۇيرۇق قىلىپ ئۆگەنگەن كىشى،
قىيىن باشقىلارغا قۇلاق سېلىشى.
كىم ئەگەر ئۆسكەنكەن نازۇنېمەتتە،
ھالى ئېغىر بولار قالسا كۆلپەتتە.

— سەئدى شىرازى

ئەگەر سەن ئىزدىسەڭ ئاتاڭدىن مىراس،
باغلىغىن ئاتاڭنىڭ ئىلمىگە ئىخلاس.
نەپ يوق، كۆزلىمە ئاتاڭ بايلىقىنى،
بىر كۈن تۈگىتىسەن تېجەپ تاپقىنىنى.

— سەئدى شىرازى

كىمگە ياشلىقىدا بەرمىسە تەلىم،
چوڭا يغاچ، بولىدۇ بەختسىز، دىلى غەش.
ھۆل نوتا ئېگىلەر قاياققا ئەگسەڭ،
قۇرۇقنى توغرىلار پەقەت ئوت - ئاتەش.

— سەئدى شىرازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەردە مۇئەللىم بولسا بىنازار،
دەرسخانىنى قىلغاي باللار بازار.

— مەئدىي شىرازىي

ئاقىلە، تەدبىرلىك بولسا گەر ئايال،
قولىدىكى يىڭنىسى يا ئوقى مىسال.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

خەزىنە ئېچكەلگەن كېلىندىن، ئەسلى —
توغرى، راستچىل كېلىن مىڭ ھەسسە ياخشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇبادا تىرناقچە ئىش قىلسا شۇ ئەر،
ياخشى ئايال ئۇنى تاغدەك كۆپتۈرەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئايالى ئەقىللىق، ئېرى ئىش بىلەر،
دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن - كۈن گۈللەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گۈل بەرگىدە ئۈسسە نازىنىن ئاياغ،
ئەھۋالى نېم بولار تىكەن باسقان چاغ؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاق سۈت بىلەن جانغا كىرگەن مۇھەببەت،
تا ئۆلۈم يەتكۈنچە ياشايدۇ ئەبەد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىنىسىغا دېدى بىر سۆزكى گۆھەر:
«ئاناڭ خىزمىتىدە بول، ئەي بۇرادەر.»

— خوسراۋ دېھلەۋىي

نېمىشقا ئۆزگىگە لازىم تايانماق؟
ئۆزگىگە تايىنىپ قىيىن جان باقماق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاتاڭ باغرىدا سەن دەرمانسىز نوقۇل،
ئۆز قانىتىڭ بولمىسا ئۇچمىقىڭ مۇشكۇل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاناڭدىن باش تارتما، ئاشمىسۇن مۇڭى،
شەرەپىڭ تاجدۇر پۇتىنىڭ چېڭى.

— ئابدۇراخمان جامىي

قايسى پەرزەنت بىلمىسىز، ھۈنەرسىز بولۇپ،
ئاتىدىن لاپ ئۇرسا — ئادەمدىن يىراق.

مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىز شېخى
ئوتۇندىن باشقىغا يارىماس ھېچ ۋاق.

— ئابدۇراخمان جامي

ئاقمايدۇ بالا ئالدىدا ئاتا سۆزى،
«ھالۋا يېمە» دېسە يەپ تۇرۇپ ئۆزى.

— ئابدۇراخمان جامي

بىر قول ئىككى ئىشنى قىلالماس زىنھار،
بىر دىلغا سىغمايدۇ ھەرگىز ئىككى يار.

— ئابدۇراخمان جامي

ئانىلا ئەمەس ئۇ قىممەت زات، ئۇلۇغ،
ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بۇندىنمۇ ئارتۇق.
ئىشىم راۋاجىنى شۇنىڭدىن كۆردۈم،
بۇ بەختىم تاجىنى شۇنىڭدىن كۆردۈم.

— ئابدۇراخمان جامي

جاھاندا ئەڭ ئالىي نېمەتتۇر پەرزەنت،
پەرزەنت بولار يالغۇز جېنىڭغا پەيۋەند.
پەرزەنت بىلەن تولار مەقسىتىڭ جامى،
پەرزەنت بىلەن قالار ھەركىمنىڭ نامى.

تىرىكلىكتە ئۇندىن كۆزلىرىڭ روشەن،
ئۆلسەڭ، گۆرىستانىڭ ئەيلىگەي گۈلشەن،
يىغلىساڭ قولۇڭنى تۇتقۇچى نارىڭ،
ئايىغىڭ تايانچى كەتسە مادارىڭ،
بىلىڭ قۇۋۋىتى ئۇ، يۆلەنگەن تېغىڭ،
ياشلىقىڭ، كۆز نۇرۇڭ، روشەن چىرىغىڭ،
دوستلار ياردىمىدە ياۋ بولسا گۇمران،
پەرزەنتىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال تىكەر جان.

— ئابدۇراخمان جامي

بىلىگدە قۇۋۋىتىڭ، يار قىلغىن غەيرەت،
مۇشۇ ياشلىق زامانىڭ كاتتا بىر دۆلەت.

— ئابدۇراخمان جامي

گەر كەلتۈرەر بولسا ساڭا خىجالەت،
ھېچ نەرسە قالدۇرما، ئۆلۈم بىر قىسمەت.
ئەگەر پاك، مەرد بولساڭ بالا - چاقاڭغا،
مال - دۇنيا قالدۇرما، قالدۇرغىن ئىسمەت①.

— ئابدۇقادىر بېدىل

① نومۇس، ئىپپەت، پاكلىق.

www.uyghurkitap.com

## ئەمگەك

ئارزۇ، تىلەك يولى ئەمگەك تەكتىدە،
خەزىنىنىڭ مولى ئەمگەك تەكتىدە.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

ئۇلۇغلۇق گەپتە ئەمەس باشتىن - ئاياغ،
يېرىم ئىشمۇ يۈزچە گەپتىن ياخشىراق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئەمگەك تەكتىدىدۇر، ئەي ئاقىل، ھەر خەزىنە
تاپالماس خەزىنىنى كىم جاپا چەكمىسە.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ھاياتتا تاسقىلىپ ئېزىلگەن كىشى،
ئۇستازلىققا لايىق: بىلىم ھەر ئىشى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

کاسىپتىن شاد ـ خۇرام ـ هۇر يوق جاهاندا،
هۇنەردىن ياخشىراق دۇر يوق جاهاندا.

— ناسىر خىسراۋ

جاهان شادلىقىنىڭ ئاساسى دېھقان،
ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار باغۇ بوستان.
بۇ ئىشتىن ياخشى ئالەمدە نېمە بار،
ئادەم نەسلىگە بۇ ئىش يادىكار.

— ناسىر خىسراۋ

ئاسانلىقچە كەلمەس شادلىق، پاراغەت،
ئەمگەكسىز قازانماس هېچ كىشى شۆھرەت.

— پەخرىددىن گۇرگانىي

ياۋ رۇستەم بولسىمۇ بويىنۇڭنى ئەگمە،
دوستۇڭ بولسا هاتەم گىدىيىپ كەتمە.

— ئۆمەر هەييام

جاپا ـ ئازاب چېكىپ ئادەم هۇر بولار،
سەدەپتە قاملىپ قەترە دۇر بولار.

— ئۆمەر هەييام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىم مۇشەققەت چەكتى — خەزىنىمۇ تاپتى،
كىم تىرىشچان بولدى — كۆپ پايدا ئالدى.

— جالالىدىن رومى

چۈمۈلە ياز بويى يىغار يېمەك - دان،
شۇڭا، قىشتا ئۆيى بولار پاراۋان.

— سەئدى شىرازى

ھەرىكەت بولمىسا بوشاپ كىشەنى،
ئارزۇغا يېتەلمەس پالۋانلار تېنى.

— سەئدى شىرازى

ھەركىمنىڭ كېلىدۇ رىزقى بىگۇمان،
ئەقىل دەر: «ئۇنى سەن ئۆزۈڭ ئىزدىگىن!»
ھېچ كىشى ئەجەلسىز ئۆلمەيدۇ، ئەمما —
ئەجدىھا ئاغزىغا كىرەمدۇ بىر كىم؟

— سەئدى شىرازى

رىزقىڭدىن ئوشۇقنى يېيەلمەسەڭ ھەم،
تەلەپتە بولمىغىن ئەي ھۇرۇن سىغەم.
لەھەڭ ئاغزىدىن قورقسا غەۋۋاس گەر،
قولىغا كىرمەيتتى دۇر بىلەن گۆھەر.

— سەئدى شىرازى

شىر نېمە ئۇۋلايدۇ ئۆگكۈر ئىچىدىن ھېچ چىقمىسا،
چاڭگىلىغا نېمە چۈشكەي يەردە ياتسا قارچىغا؟
ئۇۋ قىلماق بولساڭ ئۆيۈڭدىن تېخى سەن چىقماي تۇرۇپ،
ئۆمۈچۈكتەك قول - ئايىغىڭ قالىدۇ نازۇك بولۇپ.

— سەئدىي شېرازىي

ھەر ئىشتا گەر ئىنسان كۆرسەتسە ھىممەت،
تىكەنمۇ گۈل دەستە بولار ئاقىۋەت.

— سەئدىي شېرازىي

قىلمىسا داۋاملىق ھەقىقىي ھەرىكەت،
ئاشمايدۇ ئەمەلگە ھېچ مۇراد - مەقسەت.

— سەئدىي شېرازىي

ئۆز ماڭلاي تەرىدىن نان يېگەن كىشى،
ھاتەم مىننىتىدىن ئازاد ياز - قىشى.

— سەئدىي شېرازىي

ئەته سەن ئارپىغا زار بولماي دېسەڭ،
بۈگۈن تەر ئىھتىمال بۇغداي نان يېسەڭ.

— سەئدىي شېرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشەققەت چەكمىگەن تاپماس خەزىنە،
تۈن كەيىندىن كېلەر كۈندۈز ھەمىشە.

— سەئدىي شىرازىي

ھالال ئىشلە، مەردلەرچە سۈر پاراغەت،
ئىشلىمەي يېگەن، بىل، بولۇر نامەرد.

— سەئدىي شىرازىي

ئەمىر خىزمىتىدە تۇرىسەن مىسكىن،
قوللىرىڭ كۆكسۈڭگە قويۇپ ھەر مەھەل.
كۆيسىمۇ قوللىرىڭ مەيلى بۇرادەر،
ھاك تاش كۆيدۈرگىنىڭ بۇنىڭدىن ئەۋزەل.

— سەئدىي شىرازىي

ھالال ئىشلەپ تاپساڭ ئەگەر ئارپا نان —
خەقنىڭ ئاق نېنىنى يېگەندىن ئوبدان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىشنى كۆرۈپ قانچىلار شىمايلايدۇ يەڭ،
كۆپرەك ئىشلىگەننى ئەڭ ئەپچىللى دەڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەقسەتكە يېتىشكە جان پىدا قىلغىن،
تاشنى گۆھەر قىلغان ئىشنى ئىش دېگىن.

— خوسراۋ دېھلەۋي

قانچە كۆپ قاينىسا قىيام ـ قەنت سۈيى،
ناۋتى شۇنچىلىك سۈزۈك بولغۇسى.

— خوسراۋ دېھلەۋي

كىم ئەمگەكتە قەدەم قويدى چۆل ـ تاغقا،
خەزىنە ئاچقۇچىنى كىرگۈزەر قولغا.

— خوسراۋ دېھلەۋي

بېشىنى كۆتەرمىسە ئۇيقۇدىن دېھقان،
قۇچقاچ ئىختىيارىغا قالىدۇ خامان.

— خوسراۋ دېھلەۋي

تامادىن ھەمىشە يۈزۈڭ بولغاي زەرد①،
پەقەت پېشانە تەرىڭ قىلماي سېنى مەرد.

— خوسراۋ دېھلەۋي

① ئوت

قۇش تۇخۇمنى باغرىغا باسقان زامان،
ھەممىتە ئۆلۈككە ئاتا قىلار جان

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئەتىگە قالمىسا بۈگۈنكى ئىشى،
بۇ دۇنيادا غالىب ياشار شۇ كىشى.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

باغۋەن ئىش پەيدا بولمىسا بەزەن،
باسىدۇ شۇ ھامان ئەتراپىنى تىكەن.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

كىمنىڭ ئەگەر بەلەند بولسا ھىممىتى،
كونا كىيىمدىمۇ چوڭدۇر ئىززىتى.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئادەم چېنىقمايدۇ قىلمىسا سەپەر،
ئىرىشمىگەن كىشى تاپمايدۇ زەپەر.

— رۇكنىددىن ئەۋھادى

كىمكى جاپا چەكمىدى،
راھەتكىمۇ يەتمىدى.

— ھاپىز شىرازى

غەيرەت بىلەن بولسا مەرد،
غەيرەتسىز بولار نامەرد.

— ئۇبەيد زاكانى

ئۆز ئەمگىكىڭ بولسۇن دائىم يولدىشىڭ،
ئۆزگە مىننىتىدىن ئاغرىتما بېشىڭ.
كۈنلىرىڭ ئۆتسىمۇ تېرىپ دۇر - ھېكمەت،
كۈنلىرىڭ پۈتۈندۇر بولسا ھۆر مېھنەت.

— ئابدۇراخمان جامى

يەر - ئاسمان كۆتۈرەلمەس ئېغىر بىر يۈكنى،
كۆتۈرەلەمدۇ بۇ نازۇك جىسمىنى جان!
ھىممەتكە بەل باغلا، ئىشق ئەھلى بىلەن
ھىممەت قۇدرىتىدە مۈشكۈللەر ئاسان.

— ئابدۇراخمان جامى

ھەر تىرىك جان قىلسا ھەرىكەت،
ھەرىكەتكە قاراپ تاپار بەرىكەت.

— كامالىددىن بىنايى

نىسىۋەڭ تاپالمايسەن ئولتۇرساڭ قىلىپ ھايال،
سۇ ھەم دان كەينىدىن ماڭ تۆگمەن تېشى مىسال.

— سەيدا نەسەپى

ئۇيغۇر كىتاب تورېبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاسادىپكە ھەم ئىشەن، ئۆز ھەرىكىتىڭگە ھەم،
لېكىن بەرىسى ئالغىن ھەرىكەت ئالەمىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تەۋەككۇل قىلىپ چاپقىن ئۇچقۇر ئېتىڭنى
ۋەلىنئىمىتىڭ قىلغىن ئۆز مېھنىتىڭنى.

— سائىب تەبرىزى

ئامان بول، زەپەر قىل، ئەي مېھنەت ئەھلى،
سەندىن پەخىرلەنسە ھەقلىق ئادەمزات.
سەندىندۇر ئىنساننىڭ پاراۋانلىقى،
سەن بىلەن بولىدۇ بۇ جاھان ئاۋات.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتى

ئادەم سۆزىنىڭ چىن مەناسى ئىشچى،
دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەلاسى ئىشچى.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتى

قۇرۇقلۇق ۋە سۇدا — پۈتۈن جاھاندا،
نېمە نەرسە بولسا يەر ۋە ئاسماندا،

ئۇلار يارالغاندا مەنمۇ شېرىكمەن،
ئەجدادتۇر شوئارىم تاكى تىرىكمەن.
گۆھەردىنمۇ ئېسىل بىر جاۋاھىرمەن،
ئىشچى ماڭلىيىدا پېشانە تەرمەن.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتى

## ھۈنەر

گۆھەرنى ھۈنەرسىز دىمە ھىچ گۆھەر،
گۆھەر نەرقىنى ئاشۇرغان ئەسلى ھۈنەر.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەترەك ھۈنەر،
ھۈنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ گۆھەر.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

ھۈنەر بىلەن ئەقلىڭ بىرلەشكەن ھامان،
ھەر ئىش بۇ جاھاندا يۈرۈشەر راۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

غەنىمدىن ① تەپ تارتماس ھۈنەر ئىزدىگەن،

① دۈشمەن، ياۋ.

دەريادىن قورقمايدۇ گۆھەر ئىزدىگەن.

— پەخرىددىن گۇرگانى

ھۈنەر ئۆگەن، چۈنكى ھۈنەردە كۆپ سىر،
يېپىق ئىشىكلەرنى ئاچار بىرمۇ بىر.

— نىزامىي گەنجەۋىي

بولسا بىر ھۈنىرىڭ ئەگەر يۈز ئەيىبىڭ،
دوست نەزەرىدە ياپار ھۈنەر يۈز ئەيىبىڭ.

— سەئدىي شىرازىي

بىر قارا ئاقچىغا سوزۇلسا قولۇم،
بىر يېرىم تەڭگىگە كېسىلگىنى خوپ.

— سەئدىي شىرازىي

گەر كاسىپ مۇساپىر بولسا يات يۇرتتا،
قىيىنچىلىق دېگەننى بىلمەيدۇ ئەسلا.
كەچتە ئاچ ئۇخلاشقا بولىدۇ مەجبۇر،
ئۆز يۇرتىدا تەختتىن چۈشسە پادىشاھ.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمۈرنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈش، دېمەك،
ئالىمغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلىمەك.

— سەئدىي شىرازىي

بىر ھۈنەر ئىگىسى بولسا ئادەم گەر،
ئۇ ئەمەس، كۆرسىتەر ئۇنى شۇ ھۈنەر.

— سەئدىي شىرازىي

شۇنچە ھۈنىرىمدىن ھېچكىم ئالماي نەپ،
گۆرگە ئېلىپ كەتسەم دەيمەن، خەپ، مىڭ خەپ.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

قولۇڭدا خاراب بولمىسا ياۋ ئەگەر
ئۇنى سۇغا چۆكۈرسۇن ئىلمۇ ھۈنەر.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

ھۈنەرسىزلەردىن يىراق - يىراق كەت،
مەردلەر ئوخشاش سەن ھۈنەر تەلەپ ئەت.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

ھۈنەر مەندىن دائىم كۆپ جەبرۇ بىداد①
ھۈنەرسىزنى ئەتمەس ھېچبىر كىشى ياد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم سەنئەتنى ئۆلچەر بايلىق، مال بىلەن،
ئۇ گۆھەرنى تەڭ كۆرەر ساپال بىلەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بولۇر دانا كىم ئەگەر دېسە ھۈنەر،
نادانلار بايلىقنى قۇدرەت دەپ بىلەر.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس كۈمۈش زەر،
ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۈنەر.
ھۈنەر سەۋەبىدىن، باققىن، دۇنيادا،
خوجىسىدىن قەدىرلىكتۇر كۆپ قۇللار.
ھۈنەرسىز بولغاچقا قانچىلاپ خوجا،
ئامالسىز قالماقتا قۇللار ئالدىدا.

— ئابدۇراخمان جامىي

① ھېچكىمگە ئەرز - داد قىلالماي نائىلاج قېلىش.

بار بولسا ھۈنەر ۋە ئەقىل ـ ئىدراك، پەم،
ئەلنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئەزىز ئادەم.
ياشلىقتا، كۈچ ـ قۇۋۋەت بارىدا دەرھال،
قولۇڭدىن كەلگۈنچە ئىسسىقنى ئال.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ھېچكىمگە يېلىنماس ھۈنەرلىك ئادەم،
رىزقىنى بىخەمدىن تاپىدۇ ھاغۋەن.

— سەيىدا نەسەپي

بىر كىشى ئۈچۈن پەقەت بۇ ھۈنەر،
ئىقبال ئىشىكىنى ئاچار مۇقەررەر.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئىلىم ۋە ھۈنەرنى بىلمەستىن ئىنسان،
بەخت ئىشىكىنى ئاچالماس ھامان.
جاۋاھىر بىلەن تۆمۈر بولىدۇ پولات،
ئىلىمسىز ئۆز جىسمىدىن چىقمىقى گۇمان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئىگىلـەي دېسەڭ سەن ئىلىم ۋە ھۈنەر،
ئىنساپ، كامالنى قىل ئۆزۈڭگە رەھبەر.

— ئابدۇقادىر بىدىل

# ئىلىم

ئادەمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ ئالەم،
بىلىم توپلىماققا موھتاجدۇر ئادەم.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ئادەملەر ئەقلىنىڭ چىرىقى بىلىم،
بالادىن ساقلىنىش يارىقى بىلىم.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ئىلىمدىن ياخشىراق خەزىنە بولماس،
قولۇڭدىن كەلگۈنچە يىغالمىساڭ، بەس.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ھايات ساۋاقلىرىنى قىلالمىسا ياد،
ئۇنى ئۆگىتەلمەس ھېچقانداق ئۇستات.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ۋۇجۇد سىرلىرى خام، پىشۇرۇلماي قالدى،
بۇ قىممەت دۇر يىپىقا تىزىلماي قالدى.
ھەركىم ئۆز ئەقلىچە بىر سۆز دىدى-دە،
ئەمما ئەسلى سىر ھىچ ئىچىلماي قالدى.

— ئەبۇ ئاسىر خارابىي

بىلىمنىڭ ئاسمانىغا يەتكەن بولسا ھەم،
باشقىلار ئىلمىگە قۇلاق سال ھەردەم.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ۋەلىلىك① ئىزدىسەڭ، دانالىق ئىزدە،
كىمكى دانا بولسا ئاشۇ ۋەلى. دە.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ھاياتنى ئۆتكۈزسە ئۆگىنىپ ساۋاق،
ئۇستا ھەم، شاگىرت ھەم خۇشال ھەممە ۋاق.
توقۇش - ئىگىرىشمۇ بىلىم بىلەندۇر،
دۇنيانى تىپىشمۇ بىلىم بىلەندۇر.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

① ئەۋلىيالىق.

بىلىمەن شۇ جايغا يېتىپ كەلدىكەن،
بىلمىسەن ئىككىمىزنى ئەمدى چۈشەندىم.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

ياشلىق چېغىڭدا ئۆگىنىش بىلەن
ئەقىل ھەم ئىدراك تېپىشىڭ ئاسان،
نوتىلىقىدا باغۋەن دەرەخنى
ئېگىپ قويىدۇ خالىغان تامان.
ئەگرىلىكنى ھېچكىم تۈزەلمەس،
نوتا چوڭىيىپ بولغاندا يوغان.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

جاھان باشتىن-ئاياغ ھېكمەتتۇ ھېكمەت،
نېمىشقا غەپلەت بىزگە بولۇپتۇ قىسمەت؟

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

تەقدىر يامانلىقىنى كۆرگەندە راۋا،
ساۋاق ئال ئۇنىڭدىن تاپقىن نۇر - زىيا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ھەر ئىلىمدىن ئاڭلىساڭ بىر سۆز،
ئۆگەن ئۇنى كېچە ھەم كۈندۈز.

بىر شولىسى دىلغا چۈشكەن ئان —
بىلىسەڭكى، ئىلىم بىپايان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

سوراپ - سوراپ بولار دانىشمەن،
ھەر ئارزۇغا يېتىدۇ جەزمەن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى بىلىمنى ئۇنتۇسا دەرھال،
بۇنداق ئادەم تىلى سۆزگە كەلمەس لال.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

تەجرىبىلىك ئىت يەيدۇ يولۋاسنى تۇتۇپ،
جەڭ كۆرمىگەن شىر قاچار تۈلكىدىن قورقۇپ.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

شۈبھىسىز، ئىلىمدىن تىرىكتۇر ئىنسان،
مۇشەققەت - مېھنەتنى يېڭىدۇ ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىم ياخشى، دېدى ئاتا پىر بىر كۈن،
بىلىملىك ئالەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىلىم بىلەن بولار ئادەمدە ئىمان،
بىلىم بىلەن دىۋىنى باغلىماق ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

گۆھەرمۇ ھۈنەرسىز بى قىممەت ۋە سۇس،
بىلىم بىلەن بولغاي جۇلالىق - دۇرۇس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قۇدرەتلىكتۇر كىمكى بولسا بىلىمدان،
بىلىمدان قېرىلار دىلى نەۋقىران.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىم يېتەكلىسە بىلىم ناملىق ئۆمۈر ئېتىنى،
ئۆزى ئۆلسىمۇ ياد ئېتەر ئۇنىڭ ئېتىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغاننى ھەم،
ئىلىم بىلەن بەرپا قىلىدۇ ئادەم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دىل ۋە جانغا ئىلىم دائىم نۇر چاچار،
غەپلەتتىن قۇتۇلۇش ئىلىمدىن بولار.
قىيىن مېھنەتكە كۆرسىتىپ سابات،
ئىلىمدىن ئىزدىگىن ھاجەتكە نىجات.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىلىمدىن كىشىگە ئىززەت، ئابروي ھەم.
ئىلىمسىز ھېچ يەرگە قويمىغىن قەدەم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ھەق جاھاننىڭ جانىدۇر، بەدەندۇر جاھان.
پەرىشتىلەر بۇ تەنگە سەزگۈ بىگۇمان.
ئۇ سۆزلەردىن ھەممە جىسىم، مەۋالىد ـ ئەزا،
شۇدۇر بىرلىك، قالغىنى ھىيلە يۇ، يالغان.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

ياخشىدۇر كەتمەستىن مۇشۇ جاھاندىن،
ئەقلىڭ خالاس بولسا ھەر پۇشايماندىن.

ئەتە قولدىن كەلگەننى قىلالمىغايسەن،
پايدىلىنىپ قالغىن بۈگۈن ئىمكانىدىن.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

بىلىمسىزلىك بىلەن ئىشقا قول سالساڭ،
پايدىسى يوقتۇر قانچە تىرىشساڭ.

— ئەسەدىي تۇسىي

بىلىم بايلىقىغا تويمايدۇ ئادەم،
كېمەيمەس باشقىغا قانچە بەرسە ھەم.
ئالەمدە بىلىمدۇر بايلىق بىباھا،
كىم بىلىم ئىگىسى — ئاشۇ پادىشاھ.

— ئەسەدىي تۇسىي

بىلىم ئالماي ياخشىلىق قىلغىلى بولماس.

— ناسىر خىسراۋ

پايدا بەرمەس بولغان بولسا ئاتاڭ بۇزرۇك، نار،
ئەگەر ئۈزۈڭ يۈرگەن بولساڭ بولۇپ پەستە خار.

— ناسىر خىسراۋ

كىمكى شاگىرتلىقتا چىن دىلدىن شاد،
بىر كۈنى ئۆزىمۇ بولغۇسى ئۇستاد.

— ناسىر خىسراۋ

ئۆزۈڭنى بىلىم بىلەن بېزەت ھەر مەھەل،
پەقەت كىمخاب كىيگەن ئەمەستۇر گۈزەل.

— ناسىر خىسراۋ

تەن تىرىك جان بىلەن، جان تىرىكلىكى ئىلىم،
قەلب قانى ئىچرە بىر گۆھىرى جاندۇر بىلىم.

— ناسىر خىسراۋ

بىلىمدان شاد بولار دائىم دىلۇ جان،
بىلىمسىز ئالەمدە ھەيران، سەرگەردان.

— ناسىر خىسراۋ

يۇمشاق تەبىئەت بولسا جامالى،
ئىلىم ـ ھېكمەتتۇر ئادەم كامالى.

— ناسىر خىسراۋ

قۇدرەتلىك يە دانا — ئىنسان ئىككى خىل،
باشقىغا ئېتىبار بەرمىگىن ئەسلا.

دانا ئەمەس قۇدرىتى ئالتۇندا بولسا،
بىلىم بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ دانا.
مىڭ خەنجەرلىك ھېچكىم بولماس بىلىمدان،
ئىلىمدا مىڭ خەنجەر كۈچى مۇھەييا.
ئىلىم بىلەن يېتىش مۇمكىن، بۇرادەر،
زەررىلەردىن چىقىپ قۇياشقا قەدەر.

— ناسىر خىسراۋ

ياشلىقتا بىز شاگىرت، باشقىلار ئۇستات
كېيىن ئۇستات بولۇپ دىلنى قىلدۇق شاد.

— ئۆمەر ھەييام

دىلىم ئىلىملەردىن مەھرۇم بولماپتۇ،
بىر سىر قالمىدىكى جەپھۇم بىلماپتۇ.
تۈن ۋە كۈن ئەيلىدىم يەتمىش ئىككى يىل،
چۈشەندىم — ھېچ نەرسە مەلۇم بولماپتۇ.

— ئۆمەر ھەييام

سېمىز ئۆكۈزنىڭ ياخشىدۇر گۆشى،
ئىلىم ھەم ھۈنەر ئادەمنىڭ كۆركى.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

گەر كىمگە بولمىسا ئەقىل، بىلىم يار،
قوشما ئۇنى ئادەم سانىغا زىنھار.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

جاھاندا ئىلىمنى ئايرىشنى بىلگىن،
ئىش بىلەن سېمىزلىك پەرقىنى قىلغىن.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

نەسىھىتىم ئال، ئەي ئوغلۇم يەكبار،
ئاتا بەندىدىن بولغىن ھوسۇلدار.

— نىزامىي گەنجىۋى

كىمكى ئۆگىنىشنى ئار دەپ ئويلىماس،
سۇدىن دۇر ئالىدۇ، تاشتىن لەئىل① ئالماس.

— نىزامىي گەنجىۋى

بىلىمسىز بولسا كىشى،
دۇرۇس چىقماس ھېچ ئىشى.

— نىزامىي گەنجىۋى

---

① قىزىل ياقۇت.

ئىلىم ئەگەر ئاز بولسىمۇ ھېچ قىلما خار،
ئاز ئىلىمنىڭمۇ بۈيۈك قىممىتى بار.

— پەرىددىن ئەتتار

كىمدە ئىلىم، مەرىپەت ھاسىل بولمىدى،
مەقسىتىگە ئەسلا ۋاسىل بولمىدى.

— پەرىددىن ئەتتار

قۇۋۋىتىم بارىدا پايدام بىلمىدىم،
چۈشەنگەن چېغىمدا تېمەن بولمىدىم.

— پەرىددىن ئەتتار

كىمدە بولسا ئەقلۇ ئىلىم ھەمدە پەم،
ئاقىل، دانىش ئەھلىنى قەدىرلەر ھەردەم.

— پەرىددىن ئەتتار

ھەركىم ئۇستازتىن قاچقان زاماندا،
دۆلەت مۇرادتىن قاچار جاھاندا.

— جالالىدىن رومىي

بارچە ئادەم ئىلىمدىن تاپار كامال،
بىكار بۇندا مەنسەپ ھەمدە بايلىق، مال.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

نەپ بەرمەيدۇ چوڭ ئەزالارمۇ ھەر دەم،
ئەقىلسىز، ھۈنەرسىز بولسا گەر ئادەم.
بەزىنىڭكىدىن چوڭدۇر ئۆكۈز كۆزلىرى،
ئۇزۇنراقتۇ ئېشەك قۇلاقلىرى ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

بار نەرسەڭنى بېرىپ تاپ مەنە - مەقسەت،
ھەممىسى كەتسىمۇ شۇ قالار ئەبەد.

— سەئدىي شىرازىي

ئالاي دېسەڭ ئاتاڭدىن مىراس،
باغلا ئاتاڭ ئىلمىگە ئىخلاس.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇستات سۆھبىتى — جان ئوزۇقىدۇر.

— سەئدىي شىرازىي

ئەگەر تەربىيەت كۆرمىسە ئادەم،
ئېشەك بولۇپ قالار يۈزگە كىرسە ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

بىلىم مىزانىدا سۆزۈڭ ئۆلچەپ ئال،
ئىلىمسىز ھەممە گەپ شامالدۇر شامال.

— سەئدىي شىرازىي

تىرىشىپ ئوقۇساڭ - بىلىمدانسەن،
ئەگەر ئەمەل قىلمىدىڭ، نادانسەن.
ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك —
نە ئالىم ۋە نە دانادۇر بى شەك.
ئۇ مېڭىسىز نەدىن تاپىدۇ خەۋەر،
ئۈستىدە ئوتۇنمۇ يا كىتاب - دەپتەر؟

— سەئدىي شىرازىي

قەترە-قەترە ئۈستىگە جەم بولسا، ئۇ بولغاي نەھىر،
نەھىر ئۈستىگە نەھىر كەلسە بولار دېڭىز ئاخىر.

— سەئدىي شىرازىي

كېسەل تۇتقۇزمىسا تېۋىپقا تومۇر،
تۈزەلمەك خىيالى خامدۇر، ھوشيار بول.
بىلمىگىنىڭ سورا، سوراش ئادىتى —
بىلكى، بىلىمدانلىق ۋە ھۆرمەتكە يول.

— سەئدىي شىرازىي

ئەۋەتتى ئوغلىنى مەكتەپكە پادىشاھ،
قىلىپ قوينىغا نوقرا تاختىچە جا.
ئۇ كۆمۈش لەۋھىگە زەردىن پۈتتى ياد:
«پەدەر مېھرىدىن ئەۋزەل جەبرى ئۇستات.»

— سەئدىي شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلا، ئەي بۇرادەر،نە سىھەت ۋە پەند،
جان ۋە دىلىڭ قىل ئىلىمگە پەيۋەند.
ئالىم ھەر ئىككىلا ئالەمدە سەرۋەر،
كىچىكمۇ ئىلىمدىن ئۇلۇغلۇق كۆرەر.

— شەبستارىي

كىمكى بىلىمسىزلىك زىندانىدا گۇم،
گادادۇر تىللاسى بولسىمۇ يۈز ھۇم.

خوسراۋ دېھلەۋىي

ئالىم گەر ئىلىمگە قىلمىسا ئەمەل،
ئۇ ئۇستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك.
ئىلىمسىز قازىنى ئېشەك دەپ ئېيتما،
چۈنكى بۇ ئېشەككە تۆھمەت ۋە ئۆرنەك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىلىم تاپالمىغان ئۆزى ناقابىل،
زامان ھەرىكەتچان قابىلغا ھەمكار.
كۆن نۇرى چۈشمىسە ئۆينىڭ ئىچىگە،
قۇياش ئەمەس، بۇنىڭغا ئۆيدۇر ئەيىبكار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىشقا ياراپ قالسا ئىلىمىڭ بىر مۇددەت،
يانا ئاشۇرۇشقا قىلغىن سەن شىددەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر ئىلىمدىن كىيگەن بولسا تاج،
ئۇ باش ئاسماندىن ئۇندۇرىدۇ باج.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گەر سىزسا قەلبىمىم سىزىقتىن بىر،
چىراغ نۇرىسىز ئۇ چىقىدۇ قىڭغىر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاتسا ئىلىمگە كىمكى بېشىنى،
شامالدىن يۇرگۈزەر توگمەن تېشىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۇنداق، جۇل - جۇل چاپان بىزگە ئايانكۇر،
جۇل - جۇل چاپان ئىچرە ئادەم نىھاندۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلىم مەدەتى گەر بولسا سەندىن يىراق،
كېچە قاراڭغۇسىدا سەن بى چىراغ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

راست ئالىم ھىيلەدىن يىراقتۇر، يىراق،
نۇرنىڭ ئۆز سايىسى بولمايدۇ ھېچ ۋاق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئادەمنىڭ شەرىپى ئىلىمنىڭ مولى،
كىمكى دانا بولسا مەن شۇنىڭ قۇلى.
كىم مەنسەپ قوغلاشتى — ئىلمى بولمىدى،
ھاجەتخانا ئۇنداق مەنسەپنىڭ يولى.
بېشىدا دەستار ۋە ئۈستىدە زەر تون —
بولسىمۇ، ئىلىمدىن يۇيۇلدى قولى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىلىمنى ئوغرىمۇ ئوغرىلالماس، بەس،
ئىلىمنى ئەجەلمۇ ئېلىپ كېتەلمەس.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

ئەقىل ھەمراھى ھەم جان يارى ئىلىم،
ئىككى ئالەمدە جان ھېسارى ① ئىلىم.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

سۇدا ئېرىپ كەتمەس ئىلىم جەۋھىرى،
ئوتتا كۆيۈپ كەتمەس ئىلىم گەۋھىرى.
قىلالماس ھەتتاكى تۇپراقتا پىنھان،
ئۆچۈرۈپ كېتەلمەس شامال ۋە بوران.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

زادى يوق ئىلىمدىن روشەن ئاپتاپ،
ئىلىمسىز ئۆمرۈڭنى قىلمىغىن خاراب.
بىلىمنىڭ نۇرىنى چاچمىساڭ ئەگەر،
تۇتقۇنلۇق تونۇرى سېنى كۆيدۈرەر.
جېنىڭ قۇشىغا ئىلىمدۇر قانات،
ئىلىمدىن ئالەمدە روناق ۋە بىسات.
ئىلىم — يورۇقلۇقتۇر، جاھالەت — زۇلمەت،
ئىلىم بەخش ئېتەر دىلغا زەراپەت ②.

ئىلىم سېنى توغرا يولغا سالىدۇ،
چىراغ تۇتۇپ ئالغا باشلاپ بارىدۇ.
ئىلىم تەن بولسىمۇ، جان بولسىمۇ ساز،

---

① قەلئە، ئىستىھكام.
② ھوشيارلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىمگەندىن بىلگەن كەم بولسىمۇ ساز،
ئىلىم ئېقىن سۇغا كېمە بولىدۇ،
كېمىدە بىلىملىك ئۈزۈۋېرىدۇ.
ئىلىمگە ئاشنا بولغىنىڭ زامان،
كېمىسىزمۇ سۇدىن ئۆتمەن ئاسان.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

ئىلىمگە بولۇپ ئاشنا، ئاسانراق كەچ دەريا،
دەريادىن ئاسان ئۆتۈش ئىلىملىككە ئاشنا.

— كامال خۇجەندىي

ئۆگەنگەن ئىلىمگنى ئىشلەت ھەر مەھەل،
ئۆچمىسۇن كۆچ بىلەن يىغىلغان مەشئەل.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىلىملىكلەر سۆزى باردۇر بۇ بابتا:
«بىلىملىك قەبىردە، ئىلمى كىتابتا!»
ئەگەر يالغۇز بولساڭ ھەمدەم كىتابتۇر.
بىلىم سۆبھىدىكى نۇر ھەم ئاپتاپتۇر.

— ئابدۇراخمان جامىي

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغاي ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

— ئابدۇراخمان جامىي

غاپىل ئولتۇرما ئۆيۈن ۋاقتى ئەمەس،
ھۈنەردىن ئۈنسۈن غۇرۇر ۋە ھەۋەس.
دانىش تەلەپ قىل، بولغىن ئۇلۇغراق،
كۈنۈڭدىن - كۈنۈڭ بولسۇن بولۇقراق.
ساڭا ئۇلۇغلۇق لازىم ھەر جايدا،
ئاتاڭ ئابرويى بەرمەيدۇ پايدا.
ئىلىم ئېلىشقا تېز بېلىڭنى باغلا،
باشقا ئىشلاردىن قولۇڭنى باغلا.
شۇ بىلەن تامام ئۇستازىڭ سۆزى،
قالغاننى ئېيتار ئىلىمنىڭ ئۆزى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئىلىم — ھەممە ھۈنەرنىڭ تاجى - بىناھا،
ئىلىم — ھەممە قولۇپنىڭ ئاچقۇچى - ئەلا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلىمدىن دۇنيانىڭ ئىشى سازدۇر، باق،
ئىلىمسىزنىڭ ئىشى سوزۇلار ئۇزاق.
بىلىمگە ئىق تولسا ھەركىمنىڭ دىلى،
ئىشقا چېچەن بولار ئاياغ ۋە قولى.

— ئابدۇراخمان جامي

قەدەم قويسا ھېكمەت تولۇق دىل بىلەن،
ھەممە ۋاقىت ھەممە ياق بولىدۇ روشەن.
بىلىمدىن بېزەك تېپىپ دىل ۋە جان.
يەر، سۇ كىتابىنى ئوقۇيدۇ ئاسان.

— ئابدۇراخمان جامي

بەختىڭنى تېپىپ ئۆرۈمە يۈزۈڭ،
ئۈچكە بۆلۈنسۇن كېچە ـ كۈندۈزۈڭ.
بىرىنى ئۆتكۈز ئىلىم ئۆگىنىپ،
ئىلىمسىزلىك سەت، ئۆتمە ئۆكۈنۈپ.
ئىككىنچىسىدە سەن ئىلمىي ئىشلە،
ئۈچىنچىسىدە ئۆگەت ئۆزگىگە.
مەن شۇنداق قىلىپ بولغانمەن دانا،
ھەم جاھالەتتىن بولغانمەن ئادا.

— ئابدۇراخمان جامي

ئەي ئىلىم يىققۇچى، سىز بىلگۈچىلەر،
ھەرقانداق مۇشكۈلنى ھەل قىلغۇچىلار.
ئەقىل بىناسىنىڭ ئاساسى سىزلەر،
ئەقىلسىز دىلنىڭ ھەقشۇناسى سىزلەر.
كۆك گۈمبەز ئاستىدا كۆيدۈرگۈچى سىز،
ھەممەنىڭ كۆزى كور، كۆرسەتكۈچى سىز.
كۆزى ساقلار تاشلاپ تۇرمىسا نىگاھ،
كورلار ئۇتقا چۈشۈپ كېتىدۇ ناگاھ.
سىزلەردىن نۇرلارغا تولسۇن ھەممە ياق،
يامان كۆز ئۇ نۇردىن بولسۇن كۆپ يىراق.

— ئابدۇراخمان جامى

بالادىن قاچقاندەك قاچ جاھالەتتىن،
كەسىپ ئەت ئىلىمنى دانىشنى ئۆزۈڭ باشتىن.
قول ۋە ئازادىگە بىردەك بىلىكتۇر،
تىرىكتۇر ئالىملار، نادان ئۆلۈكتۇر.
بىلىم يولىغا سەن قەدەم باس چاپسان،
ئۆمۈر كۆپ قىسقادۇر، ئىلىم بىپايان.
ياشىدى ئالەمدە كىم ئىككى نۆۋەت؟
پەقەت ئىلىم بۇندا بەرقارار ئەبەد.
بىلىم ئالدىڭمۇ ئاڭا تېز ئەمەل قىل،
ئەمەلسىز ئىلىمنى مىسلى زەھەر بىل.

— ئابدۇراخمان جامى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ زورلۇق بىلىمنى كۈچ بىلەن ئۆگەن،
زورلۇق بولمىغاننى ئىزدەپمۇ يۈرمە.
زورلۇقنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن،
ئاڭا ئەمەل قىلماي ھېچ ئۆمۈر سۈرمە.

— ئابدۇراخمان جامىي

كاتتا مەنسەپكە ئولتۇرغاندىمۇ
ئىلىم ئاشۇرۇشنى پىكىر قىل ھەردەم.
مەنسەپ بىلەن كاتتا ئەمەس ئادەم،
مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

مېۋىسىز شاخ بېشىنى كۆتۈرەر تىك،
مېۋىلىك شاخ بېشى سالامغا ئېگىك.

— ئابدۇراخمان جامىي

تۈنلەر باشتىن - ئاياغ ئۇيقۇدا ئۆتسە،
ئەجەب ئەمەس يېرىم ئۆمۈر بىھۇدە كەتسە.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇستات، مۇئەللىمسىز قالسا گەر زامان،
نادانلىقتىن قاپقارا بولاتتى جاھان.

— ئابدۇراخمان جامىي

تەلەپ گىردابى كەڭ ھەم بەكمۇ يىراق،
ئىلىم دەرياسىمۇ چوڭقۇر بى قىرغاق.
تاپقىنىڭغا ئەسلا قانائەت قىلما،
شۇنچە ئالدىرا، چارچاشنى ئۇقما.
غەيرەت قىل، بىلىۋېلىشقا تىرىش،
بىلىپ ئال ـ دە، كېيىن راستئىشقا كىرىش.

— ئابدۇراخمان جامى

بىلىمدىن لاپ ئۇرۇش ئەسلى نادانلىق،
نادانلىقىڭ بىلسەڭ — شۇ بىلىمدانلىق.
ئۆز بېشىڭغا ئۆزۈڭ سالما ھەيرانلىق،
بىر «يوق» كەلتۈرىدۇ مىڭلاپ ئاسانلىق.

— ئەلىشىر ناۋايى

ئىلىم ئېلىش كەسپىڭ بولسۇن بۇرادەر،
جاھالەتنى چەيلەپ، ئال ئىلمۇ ھۈنەر.
ئىلىمسىز تاپىمىغايسەن مەرىپەت ھېچ،
ئىلىمسىز بولمىغاي بۇنداق سۈپەت ھېچ.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم،
ئەلەم ئەمەس، بەختكە قويىدۇ قەدەم.

— كامالىددىن بىنايى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىڭنى ئەمەلدىن قىلمىغىن جۇدا،
ئىلىم ئەمەل بىلەن ئىشقا رەھناما.
ئىلىم گەر ئەمەلگە يار بولماس،
ئۇندىن كۆزگە ھېچ مادار بولماس.

— كامالىددىن بىنايى

ئۇستات پەدەردىن ئاغار،
ئۇندىن ئارتۇق ھەققى بار.
پەدەر ھايات بېرىدۇ،
ئۇستات نىجات بېرىدۇ.

— كامالىددىن بىنايى

ئۇيقۇنى بىل بىر ئۆلۈم مىسالى،
ئاندا مېۋىسىزدۇر ئۆمۈر نىھالى.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم ھەم باقىدۇر، ھەم ئەبەدىي ئۇ،
ئىلىمدىن باشقىسى سېۋەتتىكى سۇ.
ئىلىمسىز كىشى نېمە؟ ھايۋان پەقەت،
جانسىز تەن، بېزەكلىك بىر ئايۋان پەقەت.

— كامالىددىن بىنايى

تاكى تەندە جېنىڭ باركى، بىلگىن،
ئىلىم ئۆگىنىشتىن بىردەم تىنىمىغىن.
تېنىڭ زەئىپ، چېچىڭ ئاپئاق بولسا ھەم،
ئىلىمدىن نائۇمىد بولمىغىن بىردەم.
قېرى - خەستىلىكنى قىلما باھانە،
ئىلىم ئىزدەپ بېشىڭ ئۇرغىن ھەريانە.
تاكى تېنىڭدىن چىقماي تۇرۇپ جان،
كامالغا ئىنتىلمەي قېلىش كۆپ زىيان.

— كامالىددىن بىنايى

ئىلىم ھەم، ئۇستات ۋە كىتاب ھۆرمىتى —
ھەممىسىدىن زۆرۈر بۇ باب ھۆرمىتى.
كىم ئەستىن چىقارسا بۇ ئۈچ ھۆرمەتنى،
تارتار ھاياتىدا يوقلۇق زىللەتنى.
كىم بۇ ھۆرمەتلەرنى كېرەكسىز بىلدى،
بۇ يولدا مەقسەتكە يەتمەي يىقىلدى.

— كامالىددىن بىنايى

ھىممەت بىلەن شىر بېشىغا چىقار چۈمۈلە،
ھېكمەت بىلەن ھەسەل بېرەر تىرىشچان ھەرە.

— بەدرىددىن ھىلالى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىڭ بولسىمۇ، بولمىسا ئەمەل،
بېشىڭغا كېلەر نادامەت، جېدەل.
ئىلىم گەر بولسا ئەمەلگە ئاشنا،
بىرى مىڭ بولار ئاندىن ئەلا.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ئېغىر كۈننى كۆرمەي ئەسلى،
ئۆتكۈر بولماس ھەركىم ئەقلى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىلىم — ئىنسانىيەت گۆھەرىدۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاۋۋالقى خىشنى قىڭغىر قويسا گەر مېمار،
يۇلتۇزغا يەتسىمۇ قىڭغىردۇر دىۋار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەن بىلىم ئېلىشتىن بەكمۇ خۇرسەندمەن،
يانا بىر مەقسەتكە دىلدىن پەيۋەندمەن.
تايانچىم بولۇپ شۇ ئىلمۇ ھېكمەتتىن،
ئالەمنى ئويغىتاي ئۇيقۇ - غەپلەتتىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دور ئالەمدە هەر كىم بارار ئىلىم يولىدىن،
ۋەزمىنلىكى گۇۋاھدۇر ئۇنىڭ ئىلمىي مولىدىن.
سۇدىن چىققان هەر كوزا بۇڭا مىسال بولىدۇ،
هەجىمىگە لايىق ئالار ئېغىزلىق سۇ قولىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بىلىم ئۆتكۈر تىغ بېرەر،
جان بېرەر هەم ئۆلتۈرەر.

— ئوبۇلقاسىم لاهۇتىي

ساۋات - ئىلىم ئاساسى، ئىلىم - هايات كۆزى،
هايات تەلەپ قىلساڭ، بۇ ساۋات ئۆزى.

— ئوبۇلقاسىم لاهۇتىي

كىمنىڭ كىيگەن لىباسى بولسا گەر ئىلمۇ هۈنەر،
ئۆيىدىكى زىلچىسى بورا بولسا نى زەرەر.

— پەرۋىن ئەتسامىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## جاھالەت

نادانىڭ زارلايدۇ ھەتتا تاغۇ تاش،
نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

پاتقاقتىن خارراقتۇر جاھاندا نادان،
بىر ەر ياخشىلىقتىن خالىدۇر ھامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

نادانلىقتىن يامانلىق كېلىدۇ پەقەت،
نادانغا يولىما، باسمىسۇن غەپلەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

پەقەت يامانلىقتۇر نادانىڭ ئەسەر،
بىلمەسىز بار ياققا تاشلىما نەزەر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جاھالەت ئەھلى تاپماس ئارزۇ - ئىززەت،
بۇ خام مېۋە - يا پۇراق يوق، يا لەززەت.

— ناسىر خىسراۋ

قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كېچىپ كەت،
راھەتتىن كۆپ ساڭا زىيان - زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت.
يېتەر ھەردەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

ئەگەر ئۆزۈڭ سوغۇق تاشتەك سوغۇق بولساڭ،
ئىسسىتالماس ئاتاڭ تەپتى. قانچە قىلساڭ.

— ناسىر خىسراۋ

بۇ بەكمۇ ياخشى سۆز، سەنمۇ سال قۇلاق،
نادان دوستتىن كۆرە دۈشمەن ياخشىراق.

— ئابدۇلمەجىد سەنايى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غاپىل ۋە جەسەت،
بىر نەرسە پەقەت.

— ئابدۇلمەجىد سانايى

قەيەرگە ئاپتاپ نۇر تۆككىنى ھامان،
كېتىدۇ ئۇ يەردىن سايىمۇ شۇئان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

سارائىلىق كېسەلى شەپقەت قوزغىتار،
نادانلىق كېسەلى نەپرەت قوزغىتار.

— جالالىددىن رۇمى

جوھۇت ۋە مۇسۇلمان قىلاتتى جاڭجال،
سۆزلىرىدىن كۈلكۈم ئۆرتەندى، شۇئان.
«جوھۇت بولاي ئەگەر، ئەي خۇداۋەندە،
ئەھدىم چىن بولمىسا» دەيتتى مۇسۇلمان.
جوھۇت دەر: «تەۋراتىمىن ئىچەي مەن قەسەم،
سەندەك مۇسۇلمان بولاي، ئەھدىم بۇزغان ئان.»
يەر يۈزىدىن ئەقىل يوقاپ كەتسىمۇ،
ھېچكىم دېمەيدىكەن ئۆزىنى نادان.

— سەئدىي شىرازىي

ئۈستىنى گۈل قاپلاپ، ياشناپ تۇرسا گۆر،
لەھەت ئىچرە قۇرۇپ ياتقان گۈلنى كۆر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ساقاللىقا كۆرسىتىلدى كوسا ساقىلى،
بىر ـ ئىككى تۈك ئىكەن ئۇنىڭ ماختانغان مىلى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئالەمدە ھەر كۈندە بار ھامان زاۋال،
ئەبەدىي قالمايدۇ بۇ ھۆسن ـ جامال.

— خوسراۋ دېھلەۋى

تېز قىزىپ، سۇس سوۋار بەد جاھىل ئىنسان،
ھايۋاندىن پەسراقتۇر، ھايۋاندىن يامان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قۇل ۋە ئازادىغا مەلۇم ۋە ئايان:
دانا تىرىكتۇر، ئۆلۈكتۇر نادان.

— ئابدۇراخمان جامى

جاھىلغا يول تاپار دائىما ئاقىل،
ئەمما ئاڭا مەرھەم بېرىدۇ جاھىل.

— ئابدۇراخمان جامى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرسى ئەخمەقانە ئىش قىلسا ساڭا،
ئۇنىڭ نادانلىقىنى ھەرقاچان ئۇنۇت.
ئەپسى - ھاۋا، جاھالەت كەلمىسۇن غالىب،
ئەقلىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق ئىش تۇت.

— ئابدۇراخمان جامى

دانا سۆھبىتىدىن باش تارتسا نادان،
دەۋراندىن ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.

— ئابدۇراخمان جامى

قاپاقباش ياخشى پىكىر قىلغانتى قاچان؟
پوچ ئۇرۇقتىن مېغىز چىققانتى قاچان؟

— بەدرىددىن ھىلالى

غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى — ئويقۇ بىلەن خام خىيال،
ھەي ئىسىت، جاھىل بىلەن سۆھبەتتە ئۆتكەن دەملىرىڭ.

— زېبۇننىسا

ئەيشى يۈز دانانى بۇزغان بىرلا نادان شۇم ئېرۇر،
ئاڭلىشىلماس مىسرا، چۇن بىر سۆز ئەگەر مەۋھۇم ئېرۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## ۋەتەن

يېرىمىز، سۈيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،
خوتۇن، بالا - چاقا، دىلبەندىمىز دەپ،
بىرمۇ بىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

تار ئۆتۈكتىن ياخشىدۇر يول يۈرگىلى يالىڭاياغ،
مۇساپىرلىق ئەلادۇر جەڭ بولسا ئۆيدە ھەممە ۋاق.

— سەئدىي شىرازىي

قەپەز خاھ پىل سۆڭەكتۇر، خاھى تىللا،
چېكەر قۇش بوستان دەردىنى تەنھا.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

تورغرا ئويلاپ، توغرا يۈرگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى، مۇستەھكەم ئۇنىڭ ھەر ئىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ گۆكۆل قويالماي ئۆتەر.
ئۇچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن،
قانچە ماختىمىغىن، بەرىبىر ئۆچەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەرد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت،
قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ - جىنايەت.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتي

## خەلققە مېھرىبانلىق

خەلقىڭگە ھەمىشە مېھرىبان بولغىن،
ياخشىلىققا تىرىش ۋە ئامان بولغىن.

— ناسىر خىسراۋ

سەن ئادەمدىن بولغان پەيدا، بولغىن ئادەم،
جىن بولۇشتىن نېمە پايدا، بولغىن ئادەم.

— ناسىر خىسراۋ

خەلقىمگە پايدام تەگمىسە قايسى كۈنى،
ئۆمرۈم ھېسابىغا قوشالمايمەن ئۇنى.

— مەسئۇد سەئىد سالمان

خەلق خىزمىتىگە ياراشقا ئىنتىل،
خۇلقىڭ بىلەن بۇ جاھاننى ساز قىل.

— نىزامى گەنجەۋى

www.uyghurkitap.com

ئىبادەت — ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلىش.
مەسچىت، جاينامازدا ئەمەس بۇ ئىش.

— سەئدى شىرازى

ئىش بولسا ئىدى گەر ئۆز قولىدا،
خەلق ئىلگىرىلەر ئىدى يولىدا.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھېچكىم كۆتۈرۈلۈپ بولالماس رەھبەر،
ئەگەر ئۇ بولمىسا رائىيەتپەرۋەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمدە كەم ئادەملىك ھەمدە ئىدراك - پەم،
ئۆلۈك مىسالىدۇر تىرىكلىكتە ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

شۇنداق ياشىغىنكى، جىسمى پاكىڭدىن.
قايتىدىن ياراتقاي سېنى خاكىڭدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇنى ئالىم دېمە، بولسا ئۇ بەتخۇلۇق.
ھىيلە بىلەن خەلقتىن توپلىسا مال - مۈلۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كەلگەن كىشى ئەگەر يەتتىمۇ يا بىر،
بەرسەڭ - بەرمىسەڭمۇ كېتىدۇ ئاخىر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەگەر زاتىڭ چەكتىن ئاشقاندىمۇ بەك،
كەمبەغەلپەرۋەر بول ياكى دەرۋىشتەك.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قۇرۇق بولما، كۆپكۆك شاختەك بول دىلكەش،
ئۆلنى بىل، تۇتاشماس ھەرگىز ئوت - ئاتەش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇ دنۋە، ئەمەستۇر ئەسلا ئادەمزات،
ئۆزگىلەر ئېمىندىن ئەگەر بولسا شاد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

لالەيۇ - سەرۋىنىڭ يوكسەك قىممىتى،
خارۇ خەس ئوت - چۆپنىڭ باردۇر خىزمىتى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

گۆھەرگە ئېرىشسەڭ، ئالدىراپ كېتىمىپ —
ئەينەك مونچاقلارنى تاشلىما چېچىپ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادا ساناقسىز تۈرلۈك ھايۋان بار،
ئىنسانلار دەردىدىن ئەمەس خەۋەردار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۆزگەنى يېپىشتىن كىمكى بولسا شاد،
ئۇنى بۆرە دېگىن، دېمە ئادەمزات.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمكى ئۆز ئۆلۈمىنى دىلدا ئەتسە ياد،
ئۆزگە ئۆلۈمىدىن قانداق بولغاي شاد؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەقەللىي بىر مۈشۈككە بولساڭ مېھرىبان،
دېمەك، سالامەتتۇر سەندىكى ئىمان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ساغلام بىلمەيدۇ بىمار ھالىنى،
ئۇخلىغان نە بىلسۇن بىدار ھالىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پۈتۈن ئىلمى بىلەن خەلقىگە غەمداش،
كىشىگە ئەقلۇ ئىدراك يار - يۆلەكداش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىشى دەردىگە كىم ھەمدەرد ئەمەسدۇر،
كىشى بەزەرىدە ئۇ مەرد ئەمەسدۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم بولمىسا ئۆزىدىن ئاگاھ گاھى - گاھ،
ئۆزگىلەردىن قاچان بولۇپتۇ ئاگاھ؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟ دەپ سورىدىڭ سەن،
مەن ئېيتاي: كىم بولار ئەڭ ياخشى ئادەم؟
ئەڭ ياخشى ئادەم شۇ -- ئۇندىن خەلقىغە
قانداقتۇر نەپ تېگەر ھەر كۈنى - ھەر دەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن ئۆلگەندىمۇ،
ئۆمىدىڭ ئۈزۈلمىسۇن، بار بولسۇن مەڭگۈ.

— بەردىدىن ھىلالىي

خەلقتىن يۈز ئۆرۈگىن يا ئۇنى ئويلا دائىما،
بۇ تاماشا ئالەمدە ئۆرۈگە قويما بىنا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

www.uyghurkitap.com

## مەردلىك

ئۆز نەپسىنى مەغلۇپ قىلالىغان مەردتۇر،
غەيۋەتلەردىن يىراق بولالىغان مەردتۇر.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

ئۆز نەپسىگە بولساڭ ئەمىر، مەردسەن سەن،
كور ۋە گاسنى قىلما تەھقىر، مەردسەن سەن.
مەرد تېپىپ ئۆتمەيدۇ يىقىلغانلارنى،
ئۇلار قولىنى تۇتقىن بىر ـ بىر، مەردسەن سەن.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكىي

ئۆزۈڭگە كۆرمىسەڭ راۋا، باشقىغا ھەم بەرمە ئازار،
بۇنى بەكمۇ ياخشى ئېيتتى خوجىسىغا بىر خىزمەتكار.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكىي

بىرىنچىلىك شۆھرىتى شىر ئاغزىدا بولسا گەر،
شىر ئاغزىدىن ئىزدىگىن، مەيلى، بولسىمۇ خەتەر.
يا نەسىۋەڭ ئۇلۇغلۇق ئىززەت - ئىكرام، شان بولار،
يا تىمك كەلگەن ئۆلۈمگە يۈزمۇ يۈز تۇر، بۇرادەر.

— خەتزالە بارغىسى

ھوشيار، مەرد كىشىگە جاھان تار بولماس،
تۈلكە ئاۋازىدىن ھېيىقماس يولۋاس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەلچى — باتۇر، پالۋان بولۇشى لازىم،
دادىل سۆز، بىلىمدان بولۇشى لازىم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىلمەمسەن، كىمكى بۇزدى ئەھد - پەيمان،
بۇ توپتا تاپمىدى يا شەۋكەت، يا شان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى دۈشمەنگە كۆرسەتسە تەۋان،
ھاياتىدا ئۆتەر قاششاق، ناتىۋان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هوشيارلىقتىن دائىم كېلەر شىجائەت،
يۈرەكلىك ماختاشقا لايىقتۇر ئەلبەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

مەردلىك ئەمەس چەكسىز، جاھىل ھاياجان،
يەرگە يىقىلغاننى تەپمەك بەك ئاسان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

دۈچ كەلسە قايتۇرالماسلىق بالا ـ قازا،
يۈزمۇ يۈز تۇر دۈمبەڭنى كۆرسەتمە ئەسلا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

سىپاھنىڭ جېنى تاتلىق بولسا گەر،
ئۇندا شان ئەمەس، رەسۋالىق كۆپىيەر.

— ئەسەدىي تۇسىي

ئالەمنى بىلگەنلەر دېيىشەر ھامان،
ئۇرۇش تاشقىرىدىن كۆرۈشكە ئاسان.

— بەخرىددىن گۇرگانىي

كىمكى دۇچ كەلگەندە خەۋپ ۋە خەتەر،
تەپ تارتمىسا، شۇ جاھاندا مۇئتەبەر.

— پەرىدىددىن ئەتتار

بولمايدۇ چاپلاشقا تەنگە ئىگىلنى،
ئۆگەنگىن مەردلەردىن ئەدەب - ئەقىلنى.

— پەرىدىددىن ئەتتار

باشقىلارنىڭ ئاغزىنى كەلسە قولۇڭدىن قىل شېرىن،
مۇشت ئۇرۇشنى ئاغزىغا سەن ئەسلا مەردلىك دېمىگىن.

— سەئدى شېرازى

جەڭ مەھەللى ئۇ ئەگەر كۆرسەتسە ياۋغا ئارقىسىنى،
ئۆزىنى ئەمەس، ئۆلتۈرەر باتۇرلارنىڭ قانچىسىنى.

— سەئدى شېرازى

بەتنام ياشىغاندىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل،
مەقسەتكە يەتمەستىن يەپ كەتسە ئەجەل.

— خوسراۋ دېھلەۋى

جەڭدە ئۆز بېشىدىن غەم يېگەن ئىنسان،
ئۆزگە باشنى قولغا كىرگۈزگەن قاچان؟!

— خوسراۋ دېھلەۋى

دادىل، مەرد بولماق ئاسان ئىش ئەمەس،
شىرنىڭ يۈزىگە تىك قارىماق تەس.

— خوسراۋ دېھلەۋى

دېمە مىڭنى جەڭدە قىرىپ تاشلايمەن،
قېنى بىرىگە جان بەرچۇ، مەرد دەي مەن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

لەشكەرنىڭ ھەممىسى بولالماس باتۇر،
دەشتە شىر، بۆرە ھەم قاشقىر باردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

يىڭنە چىقىرار تاپانىدىن تىكەن،
جەڭگە كىرىشمىدۇ ئۆز پۇشتى بىلەن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

نامەرد ئۆلەر خەزىنىدە بوپ نابۇت،
مەرد چىقىرار ئاددىي تاشتىنمۇ ياقۇت.

— خوسراۋ دېھلەۋى

خەسكە چۈشكەن ئاتەشنىڭ تېزلىكىگە قارىما،
تېز يېنىپ، تېز ئۆچىدۇ، ئۇنى ئوت دەپ سانىما.

— خوسراۋ دېھلەۋى

مۇرادسىز ھايات پەستۇر ئۆلۈمدىن ھەم،
مۇراد ھاسىل بولغاچ ئۆلۈمدىن نە غەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەگەر قانخور ياۋ بىلەن قىلىشساڭ جەڭ،
راۋادۇر قانچە كۆپ قېنىنى تۆكسەڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

شەھەر باشقۇرغۇچى بولسا مەرد ئادەم،
ھەر كىشىگە يېتەر ئارامبەخش دەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

مۇمكىنمۇ چىۋىننى قىلىچتا چاپماق،
شىر قانداق پاشىغا ئۇرسۇن شاپىلاق؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تېۋىپ قولى تەترىسە تېغ ئۇرار زامان،
ئۇنداق تېۋىپ قان ئورنىغا ئالار جان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تۈپتۈز يولدا تەترىسە دارۋاز ئايىغى،
نېمە بولار ھالى دارغا چىققان چېغى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەرد ھەممە ۋاقىت ئىش بېشىدا باردۇر،
نامەرد كىشى خىجالەت ۋە خاردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

غەيرەتلىك بولساڭ، ساھىبى دەردسەن،
بى غەيرەت بولساڭ، ئۇندا، نامەرد سەن،

— ئۇبەيد زاكۇنى

كۆپلەر مالنى بېرىپ مەردلىك قىلىدۇ،
مەردلەر جاننى بېرىپ مەردلىك قىلىدۇ.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر نېمە كىرسە مەرد كىشىنىڭ قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىقىغا ھەممىسىنى.

ئۆزى ئۆلسە، دۈشمەنلىرى بۆلۈشىدۇ
خەسسىلەرنىڭ يىغىپ - تەرگەن نەرسىسىنى.

— ئابدۇراخمان جامىي

مەرد كىشى سۆز لۇتپى، خىتابى بىلەن،
زالىمنى يولىدىن ياندۇرالىسا ياخشى.
ھىممەتنى ئۇنتۇغان بېخىلنى بولسا،
ساخاۋەت يولىغا بۇرالىسا ياخشى.

— ئابدۇراخمان جامىي

دادىل بولغىن، دادىلغا مەردۇ - مەيدان،
دادىل تۈلكە — مىسالى شىرى غەرران.

— بەدرىددىن ھىلالىي

دادىل بول، قەھرىمانلىق ئەرگە زىننەت،
پىدا بول، سەرگەردانلىق ئەرگە زىننەت.

— ئابدۇقادىر بىدىل

بۇرۇت تولغاش مۇشۇككە خاس قەدىمكى ھالدۇر،
ساقال قويۇش ئەرلىك دىگەن ئۆچكە مىسالدۇر.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆۋلاش بىلەن تۈلكىدىن جىقمايدۇ قاپلان،
غۇرۇر ئەپسۇنى چۆچەكتەك ئۇرايدۇ ئاسان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دۇنيا مۇشەققىتى مەرد ھىممىتىدىن بولىدۇ راھەت،
يۈك كۆتۈرمەكچى بولساڭ، بېلىڭنى چىڭ باغلا غايەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

يولۋاس بىلەن شىرنى يەڭگەن مەرد كىشى،
بويۇن ئېگىپ تۇرسا، بۇ ھايا ئىشى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت

سەرۋىدەك تىك بولسىمۇ بوۋايدىكى قەد،
ياش قىلىقىنى قىلسا ئېيتىقسىز، بەك سەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىنسان بىلمەس قېرىماي ھايات خەتەرىنى،
قۇش بىلمەيدۇ چارچىماي قانات خەتەرىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بار ئىكەن ياشلىق ۋە ساقلىق مۇسەپپا ①،
ھەر مەقسەت نۇقتىسى قولدا مۇھەييا.

— ناسىر خىسراۋ

تۇتقىن قېرىلارنىڭ تىترىگەن قولىنى،
قېرىغاندا بىلەرسەن قېرىلىق يولىنى.

— ناسىر خىسراۋ

① ساپ

باغلانسۇن قېرىلىقتا ھۆرمەت كەمىرى،
قېرىغاندا بولارسەن قېرىلار سەرۋەرى.

— ناسىر خىسراۋ

دىلىڭ ھېچ بولمىسۇن غەمكىن. غەش - خىرە،
گۇناھدىن ۋۇجۇدۇڭ پاك تۇت، ھەمىشە.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئەگەر سەن ئۇلتۇرساڭ بىكار ھەرقاچان،
ئىشىڭنىڭ چىرايلىق بولۇشى گۇمان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلارنى ئەزىزلەپ قىلساڭ ھۆرمەت،
سېنىمۇ قېرىغاچ قىلىشار ئىززەت.

— پەرىدىددىن ئەتتار

قېرىلاردىن ئىزدىمە جۇشقۇنلۇق ھەۋەس،
ياشلىق ئۆتمۈش، ئاقار سۇ ئارتقا يانماس، بەس.

— سەئدىي شىرازىي

قەترە ئادەم سۈرىتىگە كىرىدۇ پۈتۈن،
قىرىق كۈن ئانا قارنىدا تاپسا ئارامنى.

ئەگەر قىرىق ياشلىقىنغىچە بولمىسا ئەقلى،
ئاڭا بېرىشكە بولمايدۇ ئىنسانلىق نامنى.

— سەئدىي شېرازىي

بەزمە كۈنى ياشلار سېپىدا كۈيلە،
ئەمما ئىش تەدبىرىنى قېرىدىن ئىزدە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ياش ھەرقانچە بولسۇن ئىشتا غەيرەتلىك،
كۆپنى كۆرگەن قېرىنىڭ ئىشى ئىبرەتلىك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گۈلچىگە يېقىملىق بوستان - گۈلزار،
ئوتتۇنچى كۆڭلىنى خۇش قىلار تىكەنزار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قىلماقچى بولساڭ ئۇلۇغلۇققا جەڭ،
كىچىكلەر ھالىنى قىلمىغىن تەڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

گۈلچېھرە ۋە مەيدۇر ياشلىق زامانى،
بولارسىز ئۆتمىسۇن ھايات دەۋرانى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

دۇۋانىلىقتىن كۆپ ياشلىقتا ئەسەر،
ياش سۇپەت قېرىلار ساراڭدىن بەتتەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەينەكتىن ھەممىنى كۆرەر نەۋقىران،
كېسەكتىن كۆرىدۇ قېرى بىلىمدان.

— ئۇبەيد زاكونى

قېرىلار ھۈنەرگە بولسىمۇ گەر باي،
ئەمما ھەر بىر ياشتا باشقىچە چىراي.

— ئابدۇراخمان جامى

ئەي پەستلىك تونىنى كىيگەن ئادەمزات،
قورقۇمەنكى، نامىڭ كېتەر بولغىنىپ.
كىچىكلەر بىلەن سەن بولما ئەپسۇنكار،
ئۇلۇغلۇق نامىڭنى كېتەر سۇندۇرۇپ.

— ئابدۇراخمان جامى

ئاق چاچنى قارا رەڭگە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
قىرىغاندا ياشلىقنىڭ ئارزۇسىنى قىلسا دەك:
شىكارغا دۆلەت قۇشى چىققان دانا بولسدۇ،
بولالماس ئاق قارچىغا بىلەن قارا قاغا تەڭ.

— ئابدۇراخمان جامىي

چاچ ئاقارغاچ قويدۇم دىلىم غىژ - غىژىنى،
يەرگە ئۇردۇم ھاۋايى - ھەۋەس تەشۇىشنى.
شام روناق تاپمايدۇ ئاتقان چاغدا تاڭ،
پىلىك تارتار بۇندا ئوتنىڭ ئۆچىنى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قىزىلىقتا خالى بىر بولۇك تاپ دىلغا، بېدىل،
دەريا ئەمدى لېيىدى، قىنى تېپىپ چىق ساھىل،
مانا ئاپئاق چاچلاردا كىپەن ئىنكاسى بار،
يولدا كۆزۈڭ يۇمماستىن ئۆز مەنزىلىڭ تېپىشنى بىل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھەممە ئىستىكىنى بەرسە گەر تەقۋا،
قۇرۇق تەك بەرگىدىن قاينايتتى سەھبا ①،
بوش خىيالدىن پۈتسە كىشى روزىغارى،
قارغا تۇخۇمىدىن چىقاتتى ئەنقا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

---

① ۋىنو، قىزىل شاراب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىرلىق تەرسىمۇ يوق بىر نەرسىنى،
ھوسۇلى بىر تۇتام ئاق ساقال پەقەت.
يانغان ئوت ئۆچمەيدۇ كۆل قالدۇرماستىن،
كۆپۈكسىز بولامدۇ قايناپ تۇرغان دەرد؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

## كولليكتىپ

پاراكەندە لەشكەر يارىماس ئىشقا،
يۈز ئىناق ئەسكەر - تەڭدۇر يۈزمىڭغا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

جاھان خەلقى بىر كۆچەتتۇر، بىر دەرەختۇر شاخلىغان،
ھېچقاچان ئەگمە كۆچەتنى، شاخىنى سۇندۇرمىغىن.

— ناسىر خىسراۋ

يۈز بارماق قىلالماس بىر باش ئىشنى.

— پەخرىددىن گۇرگانىي

ئىناق بولسا ئوتتا - يالقۇندا ئىنسان،
ئىناق كىشىلەرگە شۇ ئوتمۇ ئاسان.
ئىناقسە كىشىلەر سۆھبىتىدىن قاچ،
ئىناقسىز سۆھبەتنى يامانىدىن - يامان.

— ئۆمەر ھەييام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولنى قولغا بىرىپ بولمىساق ھەمدەم،
شادلىق ئايەتمەدىن پەشۋا يىمەس غەم.

— ئۆمەر ھەييام

دوستلار ئىناقلىقنى قىلىسىڭىز ئادەت،
تېز - تېز دىدارلىشىپ، شاد بولۇڭ غايەت.

— ئۆمەر ھەييام

سودىن سۇ كۆچ ئېلىپ ئاققىنى زامان،
خارابە جايلارمۇ بولار گۈلىستان.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

سۇ ئاقار ئىز بېسىپ ئۇلىنىپ تۇتاش،
دوستلارمۇ سۇدەك بىر - بىرىگە يولداش.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئىككى يۈرەك قوشۇلغان زامان —
تاغلارنىمۇ قىلىدۇ تالقان.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىم ئەگەر دوستلار بىلەن يەكدىل بولار،
ھەممە مەقسىتى ئۇنىڭ ھاسىل بولار.

— پەرىدىدىن ئەتتار

ئەھدۇ پەيمان قىلسا دوستلار، ھېچبىر ياۋ قورقۇنچ ئەمەس،
شەرتى دوستلۇق شۇ ئېرۇر، پەيمانىنى بۇزمايدۇ يار.
ئايرىم - ئايرىم تۇرسا مىڭ قىل قۇۋۋىتى يوق ھېچ ئۇلىشە
ئەشىسە بىر ئاغامچىغا ئۇزەلمىگەي ئىسپەندىيار.

— سەئدىي شىرازىي

بەنىي ئادەم ئەزاسى بىر بەدەندۇر،
ھەممىسى بىر ئۆزەك، بىر گۆھەردىندۇر.
تېنىدە بىر ئەزا گەر بولسا بىمار،
ھەممىسىدە قالماس سەبىر ھەم قارار.
ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېمىسە تامام،
ئاڭا نالايىقتۇر ئىنسان دېگەن نام.

— سەئدىي شىرازىي

ياشلار يوپۇرۇلسا چوڭ پىلنى يېگەر،
سالاپەتلىك پالۋان جاھىلنى يېگەر.
چۈمۈلە بىرلەشسە ئىتتىپاقلىشىپ،
ئارسلان تېرىسىنى ئالىدۇ شىلىپ.

— سەئدىي شىرازىي

نېمىگە يارايدۇ ئاياغ - قولسىز باش؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆگە، خورمىزارغا قويسىلا قەدەم،
ئاغرى مەزە قىلار تىكەن يېسە ھەم.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

تاۋۇس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغاندا زاغ،
كەكلىك قەقەسىدىن ياڭراپ كەتتى باغ.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

تېتىماس خۇش - چاقچاق دوست ۋە يارسىز،
شادلىق، شادلىق ئەمەس دوست دىدارسىز.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

جاھان قولغا كىرەر ئىتتىپاق بولساڭ.

— ھاپىز شىرازى

ياخشىلىق - يامانلىق مولۇ كۆل بۇندا،
قىلمىشىڭ جامىدىن ئاگاھ بول بۇندا،
قولۇڭنى ئالار ئۇ، قولىنى ئالدىڭ.
بارچىنىڭ پايدىسى قولمۇ قول بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سەن رەت قىلغان كىچىك بۆلەك بىلەن ھەم
ھېسابلاشماي بولماس، لازىمدۇر ھەر دەم.
بىر تۇتام يۇڭ ئۇچار شامالدا ئاسان،
بىرلەشسە بولىدۇ تىكمەت يا گىلەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىتتىپاق كۈچىدىن غاپىل بولما ھېچ،
تاشنى تالقان قىلىدۇ بىرلىشىپ چىش.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## دوست ـ يار

دۈشمەن بىر بولسىمۇ ئۇنى كۆپ بىلگىن،
دوستۇڭ مىڭ بولسىمۇ ئۇنى ئاز دېگىن.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

جاھاننىڭ شادلىقى يىغىلسا پۈتۈن،
دوستلار دىدارىدىن بولالماس ئۈستۈن.
بولسىمۇ ئالەمدە نى ئازابلىق ئىش،
ئەڭ ئېغىر دانا دوستتىن ئايرىلىش.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

ئىككى نەرسە دىلدىكى غەم ئاپىتى،
دوست دىدارى، دانا ئادەم سۆھبىتى.

— ئەبۇشوكۇر بەلخىي

سىنىماي بىرسىنى دوست تۇتساڭ،
زارلانما شۇ دوستتىن قان يۇتساڭ.

— ئەبۇشوكۇر بەلخىي

گەر بىراۋ مېھرىنى بولساڭ قازانماق،
ياخشى - يامانلىقنى ئالدىن سىناپ باق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىككى دوست تۇرۇشسا ھەمدەم، يانمۇ يان،
تاغلارنىمۇ ئاسان قىلىدۇ تالقان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كۆڭۈل بەرمەستىن ئاۋۋال سىناپ باق،
تىكمۇ تىك تۇرالماس ئايىغى چولاق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دوستلار بىلەن مەسلىھەتتە بول، جان،
ئەغياردىن تۆت سىرىڭنى پىنھان.

— ناسىر خىسراۋ

مۇناپىق دوستلۇقتا ئەمەس مۇۋاپىق،
مۇناپىقنى مۇناپىق بىل، مۇناپىق.

— ناسىر خىسراۋ

يۈز ئارەت سىنىساڭ ھەم سىنىمىساڭ، پەس،
بۆرە ئاشنالىقتا ئەسلا باب كەلمەس.

— ناسىر خىسراۋ

زېرەكلەر بىلەن زىندان ـ گۈلىستان،
نائەھىل قىلار گۈلزارنى زىندان.

ــ ناسىر خىسراۋ

ئاقىلدىن دۈشمەنلىك بولمايدۇ پەيدا،
غاپىلچۇ، دوستلۇققا يارىماس ئەسلا.

ــ ناسىر خىسراۋ

سىنىماي بىرسىنى تۇتمىغىن ھەمراھ،
ئاڭلىغاندىن كۆرگەن باشقا، بول ئاگاھ.

ــ ناسىر خىسراۋ

دوست دوستتۇر ئەسلى قىلمىشى بىلەن،
دوست ئەمەس «دوستۇمەن» دېگىنى بىلەن.

ــ ناسىر خىسراۋ

دوست دىدارىنى كۆرۈش ــ شادلىق داۋامى،
دوست بولمىسا نەدە يۈرەك ئارامى.

ــ ناسىر خىسراۋ

دوست ئاپساق ئايرىلما پىدا قىلغىن جان،
دوست پېشىنى قولدىن چىقارما ئاسان.

ــ ناسىر خىسراۋ

ۋاپادار ئوخشىما بۇلبۇلغا ئەسلا،
ھەرئان ئۇ ئۆزگە گۈل بېشىدا شەيدا!

— ناسىر خىسراۋ

ئادەمگە ساغلام ئىش — دوستلۇق قىلىشتۇر،
ۋاپا كۆرسەتمەك ئەسلى كاتتا ئىشتۇر.

— ناسىر خىسراۋ

بىگانە باغرىڭدۇر گەر ۋاپا قىلسا،
بىگانىڭدۇر ئۆز پۇشتۇڭ گەر جاپا قىلسا.
زەھەرمۇ ياققانغا شىپا بولىدۇ،
بال - زەھەر، جانىڭغا گەر بالا قىلسا.

— ئۆمەر ھەييام

دوستلۇققا يارىماس نادان ئۆلپىتى،
بۇنداق دوستلۇق بولار جانىڭ ئاپىتى.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

دوستۇم قالسۇن دېسەڭ مەڭگۈ دوست بولۇپ،
سۆزلىگىن مىجەز - ئادىتىنى ئۇقۇپ.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇناپىقلقا ھەمراھ بولسا ھەر ئىنسان،
ئاخىرىدا جايى بولىدۇ زىندان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئىككى كىشىدىن سىر يوشۇرما زىنھار،
بىرى — ياخشى تېۋىپ، بىرى — سادىق يار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

كىم غەملىك كۈندە يار ۋە مۇگدىشىڭ بولار،
شادلىق كۈنۈگدە يەنە يولدىشىڭ بولار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئەبلەخ دوست دۈشمەندىن ياماندۇر يامان،
نېمە ھىيلىنى بىلسە ئىشلىتەر ئاسان.

—جالالىدىن رومى

دوستلۇق ساداقەتكە بىلىگنى باغلا،
تەنە ـ مالامەتتىن تىلىگنى باغلا.

— سەئدى شىرازى

بۇ بوستاندا دوستلار بولمىسا يۆلەك،
نىسىپ بولماس مەقسەت گۈلىنى تەرمەك.

— سەئدى شىرازى

كىمكى ئۆز ئەھلىگە ئەمەس ۋاپادار،
ئۇ نە دانىشمەن، نە دوستقا پىداكار.

— سەئدىي شىرازىي

دوست دېمە گەر نازۇ نېمەت ئۈستىدە،
ئۇرسا لاپ: «دوستۇمسەن. ئەزىز مېھرىبان.»
دوست شۇدۇر — دوستىغا سوزار قولىنى —
دوستى بولغىنىدا نامرات، ناتىۋان.

— سەئدىي شىرازىي

دوستۇڭ بولسا دۈشمەن بىلەن بەك يېقىن،
ئۇندىن قول ئۈزۈشنى ئەقىللىق دېگىن.

— سەئدىي شىرازىي

دوست ئالدىدا بەندىتە تۇرسىمۇ ئاياغ،
يات بىلەن گۈل سەيلىسىدىن ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

دوستسىز ئۆتمەك ۋەتەندە،
مىسلى مۇردا كېپەندە.

— سەئدىي شىرازىي

زەۋقى جاھاندىن يىراق،
دوستتىن ئايرىلىپ ياشىماق.

— سەئدىي شىرازىي

پىيادىدىن بولماس ئاتلىق خەۋىرى،
ئۇ ئاستا ماڭار، پىيادە چىپىپ.

— سەئدىي شىرازىي

تېز تۈگىمەيدۇ قەدىناس ئاشنالار قۇرغان سۆھبەت،
سۇنى گەر مىڭ پارە قىلساڭ ھەم قوشۇلغاي ئاقىۋەت.

— سەئدىي شىرازىي

ئاقسىمۇ مىڭ تۈرلۈك مېۋە، نازۇ نېمەت شەربىتى،
پايدىدا ئەۋزەلدۇر ئۇنىڭدىن دوستلار سۆھبىتى.

— سەئدىي شىرازىي

گەر دۈشمەن نەقەدەر بولسا ھەمكى دوست،
دوستلار ھېسابىغا قوشمايدۇ ئاقىل.

— سەئدىي شىرازىي

ئېلىشقا بىرمۇ بىر دوستۇڭ كۆڭلىنى،
ساتساڭمۇ ئەرزىيدۇ ئاتاڭ بېغىنى.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشى دوست ئەيىبىڭنى مىسالى ئەينەك
يۈزمۇ يۈز ئۆزۈڭگە ئوچۇق ئېيتىدۇ.
يامىنى تارغاقتەك مىڭ تىلى بىلەن،
چاچتىن - چاچقا ئېغۋا تىزىپ ئۆتىدۇ.

— سەئدىي شىرازىي

ئەيىبىمنى ھۈنەر دەپ بىلسە دوست ـ يار،
دوستلۇق نىمە دەر، چۈشەنمەس زىنهار.
نالايىق ئىشىم ئېشىپ، بۇ دوستلۇق ـــ
ھەددىدىن ئۆتۈپ، بولارمەن ئەغيار①.

— سەئدىي شىرازىي

يار شۇدۇر كۆنسە گەر يار جاپاسىغا،
ئارزۇسىنى كۆندۈرسە يار رىزاسىغا.

— سەئدىي شىرازىي

دانا دۈشمەن ئۇچۇرار كۆككە ھامان،
يەرگە ئۇرار سېنى دوست بولسا نادان.

— سەئدىي شىرازىي

① ئۆزگە، باشقا، يات.

رىند ① بىلەن پارسا ② ئۇلتۇرغان ماكان،
پارساغا بولار مىسالى زىندان.

— سەئدىي شىرازىي

تىللا، كۈمۈشى چىقسىمۇ تاشتىن ھەرقاچان
ھەممە تاشتا ئالتۇن بولۇشى گۇمان.

— سەئدىي شىرازىي

كەھبە يوپۇقىنى سۆيۈشىدىكەن،
بىپەك قۇرت شۇ بىلەن بولمىدى ئۇلۇغ.
بىر نەچچە كۈن بولدى ئەزىز ئۈستىمە،
شۇنىڭ بىلەن بولدى ئۆزىمۇ قۇتلۇق.

— سەئدىي شىرازىي

زاغ بىلەن بىر بولسا بۇلبۇل قەپىزى،
نى ئەجەب ئىچىگە چۈشسە نەپسى؟

— سەئدىي شىرازىي

نادان قاتىرىغا چۈشسەن ئۆزۈڭ،
ئەگەر بولساڭ نادان ئۈلپەتكە ھەمدەم
دانادىن بىر پەند ـ نەسىھەت سورىدىم

① بىپەرۋا، بولۇسىز.
② يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

دېدىكى: «نادانغا قوشۇلما ھېچ ھەم.»
ئەگەر دانا بولساڭ ئەخمەق بولمىسەن،
بولسا نادانلىقىڭ ئاشار يەنە ھەم.

— سەئدىي شېرازىي

يولۇڭدا[1] ئازگالنى كۆرسەتكەن ئىنسان،
نەزەرىمدە ھەقىقىي دوستۇڭ، بىگۇمان.

— سەئدىي شېرازىي

چىقسا جاڭجال ئىككى دوستتىن بىرسى يول قويسا ئەگەر،
ھېچ ئۈزۈلمەس بۇ سۆھبەت دوستلۇق يىپى تارتىلغان ئان.
ئىككى - ئۈچتىن كۈچ بىلەن تارتسا ئاغامچا ئۈزۈلەر،
بوش قويۇپ بەرسەڭ ئۈزۈلمەس بىر تەرەپنى ھېچقاچان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

غەم ۋە شادلىقتا يار بولسا باراۋەر،
ئۇنى چىن دوست ئەيلىگىن، ئەي بۇرادەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شادلىقتا دوست بولسا، غەم كۈنى دۈشمەن،
ئۇنداقنى دوست دېمە، دۈشمەن دېگىن سەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دوستلىرىڭ كۆپىيەر پاراۋانلىقتا،
ئۇلارنى ساناپ باق ناتىۋانلىقتا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايىل قىل، بولسا ۋاپالىق جان ساڭا،
جان بىلەن بولسا بالا گەردان ساڭا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ۋاپا ھىمدى كەلگەن ھەر ئاشناغا،
دېگىن: «يۈز ئاپىرىن، يەت مۇددىئاغا!»

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يا بىھۇدە كەتسۇن يوقۇ بارىمىز،
يا مۇرادقا يەتسۇن دوست ۋە يارىمىز.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۇنداقنى يار ئەتكىن ساڭا جان قوشسۇن،
ھەر نەپەس ئۆمرى ئەبەدىي بولسۇن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر شىلسا ئۆز تېنىدىن پوست،
ئۆزگىلەرگە قاچان ئۇ بولىدۇ دوست؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تا قەدەم قويمىساڭ دەستىيارلىققا،
ھېچكىم كەلمەس ساڭا دوستۇ يارلىققا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جان سىنىڭدىن ئۆتمىسە يارىڭ،
تاپشۇرما ئىشتا سەن يوقۇ بارىڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

يۈز دوست تېپىلار ئاش بولسا تەييار،
ئىش جانغا يەتكەندە قايسىبىرسى بار؟

— خوسراۋ دېھلەۋى

يار ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۆرمىگەن ئادەم،
ئاجرىتالماس ئىززەت - خورلۇق پەرقىنى ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇ دۇنيادا ئۆمرۈڭ بەش كۈنگە ئاۋات،
ياخشىسى بول دائىم دوستلار بىلەن شاد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇ كەڭ ئالەم دوستۇ يارەن بىلەن خۇش،
باغۇ بوستان، گۈلۈ رەيھان بىلەن خۇش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بىرسى سۇ، كۆكاتتىن ئالار خۇش نەپەس،
بىزگە دوست دىدارى نېسىپ بولسا، بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتاپ ئاي شولىسىغا ئەمەس مىھمان،
ئوت بىلەن سۇ كېلىشەلمەس ھېچقاچان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىللە بولسا شادلىقتا ـ غەمدە،
پەقەت شۇنى دوست تۇت ئالەمدە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەر يارۇ دوست ئەمەس ۋاپادار،
بەلكى، ياردىن يارنىڭ پەرقى بار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مىڭ جان بولسا پىدا ئۇ ئاشناغا،
دىلى مايىل بولسا ئەھلى ۋاپاغا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ياخشىلىقى بىلەن دوستدۇر دوستلىرىڭ،
يامان بولسا ياۋدىن نە پەرقى ئۇنىڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شۈنداق كىشىلەردىن ئۇزدىگىنكى دوست،
دۇنيادا ئەبەدىي قالسۇن ئۇ دوررۇس.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

كىم ئەيىبىڭنى ئېيتسا، ئۇ دوستۇڭ ئايان،
كىم يوشۇرۇپ يۈرسە، زەھەرلىك يىلان.

— رۇكنىددىن ئەۋھادىي

ھەر كىمكى ۋاپا ئۇرۇقىنى ئۆستۈرمىدى، بىل،
ئۇرما چېچى كەھرىۋا يۈز بولىدۇ ھاسىل.

— ھاپىز شېرازىي

زەۋقى جاھاندىن يىراق — دوستتىن ئايرىم ياشىماق،
دوستتىن ئايرىم ياشىماق — زەۋقى جاھاندىن يىراق.

— ھاپىز شېرازىي

جاندىن كېچىش ئاسان ۋە لېكىن،
جان دوستتىن كەچمەكلىك قىيىن.

— ھاپىز شېرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىھىش بېغى ھۆرۇ غىلمان بولسا ھەم،
دوست كوچىسى تۇپرىقىغا تېگىشمەيمەن.

— هاپىز شېرازىي

دوستۇم مىنى سىر ياماققا ئالمىغان بىلەن،
دوستۇمنىڭ بىر چىچىنى ئالەمگىمۇ ساتمايمەن

— هاپىز شېرازىي

يوق زادى ئالىشىم بىگانىلاردىن،
نە كەلسە باشقا كەلدى ئاشنادىن.

— هاپىز شېرازىي

خۇددى گۆھەر دوست ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆز.

— هاپىز شېرازىي

مۇراد گۈلى ئېچىلار دوست دىدارىدىن،
دۇشمەن بېشى ئايلانسۇن دوستۇم خارىدىن①.

— هاپىز شېرازىي

① تىكەن.

چىن دوست ئۇ — دوستلۇقى ئاشۇۋەرسە گەر
دوستىدىن يامانلىق كۆرگىنىدە ھەم.
بېشىغا مىڭ جاپا تاشلىرى ياغسا،
مېھرى ئۆيى ئۇ تاشتىن بولار مۇستەھكەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەقىقىي دوستقا جېنىڭنى پىدا قىل،
ۋە لېكىن دوست ۋە دۈشمەن پەرقىنى بىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

بېرىپسەن ۋەدە، ئەلۋەتتە ۋاپا قىل،
ۋاپاسىزلىقنى قەلبىڭدىن جۇدا قىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

دىل، ئەگەر ناۋادا غەمگە يولۇقساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.
قارا كۈنۈڭ ئۈچۈن دوستلىرىڭ كېرەك،
راھەت كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر.

— ئابدۇراخمان جامىي

دوست ھىجرىدىن ئاشىق كۆتەر ئادالەت،
يا ۋەسلى ئىشىكىدە تۇرار بىر ھالەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوستلۇقتىن باشقا بىر مەقسىتى بولسا،
ئالەمدە بارمۇ ھېچ بۇنداق رەزالەت؟

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۆزۈڭدىن پەس بىلەن بولما ھەمسۆھبەت،
ئاقىللار يىغمايدۇ ئەقلى پەس سۆزنى.
ئەقلى پۈتۈنگىمۇ كۆپ يېپىشمىغىن،
ئۇمۇ يۈكسەكرەككە تىكىدۇ كۆزنى.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر جاپاكى ساڭا يەتسە ئالەمدىن،
يەتمىگەي داتونۇش ۋە يات ئادەمدىن.
دەۋاگەر بولىدۇ ئىككى دوست، تونۇش،
ياتلار ئارا ھېچ قوزغالماس بۇ ئىش.

— ئابدۇراخمان جامىي

سۈرتسەڭ ئەينەكتىن چاڭنى ھەر نۆۋەت،
روشەنرەك كۆرۈنەر ئەينەكتە سۈرەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

زېرەك، ھوشيار بولسا گەر ئىككى دىل،
شۇنى ئىتتىپاقلىق ئاساسى دەپ بىل.

ئەمما ئېتىبارنىڭ كۆزلىرىگە باق،
مىڭ جاھىلنىڭ يولى بىر بولماس ھېچ ۋاق.

— ئابدۇراخمان جامىي

كىم ئەگەر دوستلۇقتا بىلمىسە ۋاپا،
دۈشمەنلىكتىنمۇ ئۇ يانمايدۇ ئەسلا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر كىم بىلەن ئاشنالىق ئىزدىمە،
ھەر ئاشنادىن رۇشنالىق ئىزدىمە.

— ئابدۇراخمان جامىي

دوستلار باھاردا ئىچسە مەي ـ شاراب،
مەن زوھرۇ تووۋىدىن ئۇرسام ئەگەر لاپ.
ئالجىپ قالدى، دەپ مەي بېرىشمىسە،
دوستلۇق ئالەمىدە قالمىغاي ئىناپ.

— ئەلشىر ناۋايى

يامان دوست يامانلىق قىلار دائىما،
نە قىلسا ئۆز ئىشىنى بىلەر دائىما.
بولامدۇ يامانغا ياخشىلىق راۋا،
يامانغا يامانلىق بەجادۇر، بەجا.

— كامالىددىن بىنايى

كىشى گەر دوستىدىن بولغاي يىراق، بىل،
ۋاپادا ئۇندىن ئىت كۆپ ياخشىراق، بىل.

— بەدرىددىن ھىلالىي

بۇ خارابىلىقتا ئىستىسەڭ راھەت،
دوستقا قوشۇلۇپ تاپ دىلغا ھالاۋەت.
تاكى بىر - بىرىدىن كىرپىكلەر جۇدا،
ئۇيقۇسىز كۆزلەردە ئىزتىراپ، ھەيرەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دوستلۇقتۇر ئىتتىپاق بولۇپ يىغىلىش،
بىر - بىرىدىن ئايرىلماي سايىدەك يۈرۈش.
بۇ ۋاپا بەزمىدە شۇنداق دوستتىن كەچ،
كېيىن كېلىپ، ئالدىن كەتسە مىسلى چىش.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دوستىلەن ھايات — راھەت، تەنھا ياشىماق — ئاتەش،
گۈلخاندا چۈشەر شاخلار ئايرىلسا دەرەختىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## تىنچلىق

ئىللىقلىق بىلەن تولسۇن روزىغارىڭ،
قوپاللىق بۇزمىغاي سەبرۇ قارارىڭ.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

تىنچلىقتىن شادلىقنى قولغا كەلتۈرسەڭ —
ئاقىل كىشى ھەرگىز قوزغىمايدۇ جەڭ.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

سۈلھى جەڭدىن ياخشىراق بولار بىگۇمان،
ھوشيار بول، كەتمىسۇن قولدىن مال ۋە جان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ھەركىمنىڭ ئۆز نامى، شان، ئارزۇسى بار،
جەڭدىن سۈلھىنىڭ مىڭبىر ئەۋزەللىكى بار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراۋغا تىلىسە ھەركىم يامانلىق.
ئاقىۋەت ئۇ ئۆزى تاپىماس ئامانلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

چۈمۈلە كۆڭلىنى كىمكى غەش قىلسا،
باغرى تاشتۇر ئۇنىڭ ئىچى قاپقارا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

بىلگىن ياخشى ئەمەس قان تۆكۈش ئەسلا
گۇناھسىزلارغا ھېچ كەلتۈرمە بالا!
سەۋەپسىز ئۇرۇش قىلسا قايسى ئىنسان،
رەڭگى زەپىرەك بولار باغرى قان.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تىنچ پۈتەر ئىشقىمۇ جەڭ - ئۇرۇش ئاچقان -
ئادەمنىڭ ئەقلىنى دېمەك چاڭ باسقان.

— سەئدىي شىرازىي

پىلدەك چوڭ بولساڭ ۋە شىردەك ئۇرۇشقاق
نەزەرىمدە جەڭدىن سۈلھى ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

سۇلھ تىلىگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ۋايتۇرما،
سۇلھ ئىشىكنى قاققاندا، سەن جەڭ دەپ تۇرما.

— سەئدىي شىرازىي

گەر ئىش ئەقلۇ تەدبىر بىلەن بولسا دەل،
ئەپلەشكىن ياۋ بىلەن، جەڭدىن بۇ ئەۋزەل.

— سەئدىي شىرازىي

مۇبادا بولساڭمۇ قانچە زور پالۋان،
ئۇرۇشتىن ئەپ ئۆتۈش ياخشى ھەرقاچان.

— سەئدىي شىرازىي

خۇش خۇي كىشىگە قاتتىق سۆز قىلما،
سۇلھ دەپ كەلسە، جەڭگە چاقىرما.

— سەئدىي شىرازىي

قولدىن كەلگەن ھەممە چارەڭ ئاقمىسا،
قولغا قىلىچ ئالساڭ بولىدۇ راۋا.

— سەئدىي شىرازىي

لۇتىپ ئەتكەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىل.
قوپاللىق قىلسا چاچ كۆزىگە تۇپراق.
قوپال كىشىلەرگە يۇمشاق سۆزلىمە،
داد چىقمايدۇ ئىكەك بولسا يۇمشاق.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇرۇشنى ئاۋۋال باشلىغان دۈشمەن،
گۇناھكار ئۆزى، قىر ئۇنى جەزمەن.

— سەئدىي شىرازىي

سەن ئۆلتۈرمىسەڭ ياۋنى جەڭدە دادىل،
سېنى ئۆلتۈرەر ئۇ، بۇنى ياخشى بىل.

— سەئدىي شىرازىي

گەر يۇمشاقلىق بىلەن پۈتسە ئىش
تېزلىك يولىنى تاللىماق نىچۈن؟
غەرەز يۈرسە مەسلىھەت تامان،
ھېچكىم قىلماس ئۆز دىلىنى خۇن.
يىڭنە ئىشىنى قىلالماس شەمشەر،
ئۇ تىكىپ، بۇيرىنتقىنى ئۈچۈن.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

خاتىرجەم بولار پېقىر ۋە دەرۋىش،
پۇل بىلەن ئۇلغىيار خىيال، تەشۋىش.

— خوسراۋ دېھلەۋي

تا دەرد يىغىتمىسا كۆزلىرىدە نەم،
ساغلاملىق قەدرىگە يېتەرمۇ ئادەم؟

— خوسراۋ دېھلەۋي

گەر بىر تۆگە يىقىلسا يۈك توشار كارۋانىدىن.
يۈكچىگە يۈكنىڭ غەمى ئارتۇق تۆگە جانىدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋي

ھەممىگە ئامانلىق تىلىگۈچى بول،
شۇندا ئاداۋەتكە قالمايدۇ ھېچ يول.

— ئابدۇراخمان جامىي

دوستۇڭ ئۇرۇش قىلىشقا تۈزسە پىلان،
ئۇ دوستتىن يىراق بول سەزگىنىڭ ھامان.

— ئابدۇراخمان جامىي

www.uyghurkitap.com

خۇسۇمەتكە كۆپ كۈچ سەرپ ئەتمە،
تىنچلىق يولىدىن قىلچىلىك كەچمە.

— ئابدۇراخمان جامى

نەدە قىلىچە زىنتلىق كۆرسە ھەر كىشى،
شۇندا بولار ئالەم دۇستلۇق يىپى گۇم.
بىر تامچە سىركىدىن ئىچىدۇ ھەممە،
ئەگەردە تازا سۈت بولسىمۇ يۈز خۇم①.

— ئابدۇقادىر بىدىل

---

① كوزا.

# ياخشىلىق

ياخشىلىق ۋە سۆلھىگە تەلپۈنەر دانا،
جاھالەت، جاڭجالغا تەلپۈنەر نادان.

— ئەبۇئابدۇللا رۇداكىي

ياخشىلىقتىن كۆزۈڭ روشەندۇر،
ياخشىلىق بالادىن ساقلار قالقاندۇر.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

كەل، جاھاننى تاپشۇرمايلى يامانغا،
بۇرايلۇق ھەممىنى ياخشى تامانغا.
ياخشىمۇ، يامانمۇ قالماس پايدار،
ياخشىسى: ياخشى ئىش بولسۇن يادىكار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

قىلىچ ئالدىدىمۇ كۆرسەتسەڭ مېھىر،
كۆرمەسسەن ئۇرۇش ۋە جاڭجال ھەم قەھىر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ياخشى بولساڭ ئەگەر، قالدى نامىڭ،
قولغا كىرەر بەختىڭ، ئۈستەك ۋە كامىڭ.
يامانلىق ئورۇيسەن تەرسەڭ يامانلىق.
بىرەر كۈن كۆرمەيسەن شادلىق، ئامانلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ياخشىلىقتىن شىئار كەلتۈرگىن،
گەر قىش كۆرسەڭ، باھار كەلتۈرگىن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قالمىغاي ھېچكىم جاھاندا پايىدار،
قالغۇسىدۇر ياخشى نامى يادىكار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بۇرادەر، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە قالماس،
قالار ياخشى نامىڭ جاھاندا، شۇ بەس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئىشتىن ئاداشقانلار رەھبىرى بولغىن،
دائىم دىل كۆيگەنلەر دىلبىرى بولغىن.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىغا ئۈزۈن ئۆمۈر تىلەيدۇ ئادەم.
يامانىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ ئالەم.

— ناسىر خىسراۋ

كىشىنى رەنجىتىش ئاجايىپ ئاسان
كۆڭلىنى ئالماقلىق بەك جاپا - يامان.

— ناسىر خىسراۋ

مەدەت بەر ھەممىگە، ھەق يار بولغاي،
پۈتۈن ئالەم ساڭا مەدەتكار بولغاي.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىلىق سەن - بىزنىڭ قولىمىزدا. باق.
كىم يامانلىق ئىزدىمەس — يۈلتۈزى پارلاق.

— ناسىر خىسراۋ

ياخشىلىق قىلغانىكەن كىم ساڭا بىر رەت،
يادىڭدىن چىقارما ئۇنى تا ئەبەد.

— ناسىر خىسراۋ

ئىباسىڭ ياخشىلىقتۇر، ھەرگىز يەشمە،
ھەم ئىنتىل ياخشى نامغا ئەتە - كەچتە.

— ناسىر خىسراۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپسەن ياخشىلىق، ھېچ قىلما مىننەت،
كېتەر زايا ھەممە ئېھسان - ئىنايەت.

— ناسىر خىسراۋ

خورلۇق ئىزدىمىسەڭ، ئەزىزىم، ئەسلا،
ناباب ئىشلارنى ئەيلىمە بەرپا.

— ناسىر خىسراۋ

تەۋپىقىڭ بولسا تەرك ئەتمە، زىنھار،
ئارامبەخش ئەت، بولسۇن ياخشىلىق يار.

— ناسىر خىسراۋ

رەنجىمىسۇن دېسەڭ ھېچكىمنىڭ جانى،
بىئازارلىق خەزىنىنىڭ بول پاسىبانى.

— ناسىر خىسراۋ

مەرھەمەت شوئارىنى تاشلىما دىلىڭدىن،
ئازار بەرمە ھېچكىمگە قول ۋە تىلىڭدىن.

— ناسىر خىسراۋ

گۇناھ كەچۈرگۈچى بول، ھەممە مەمنۇن،
خۇش پېئىل بول خۇددى روشەن كۈن.

— ناسىر خىسراۋ

بىر غېرىب كۆڭلىنى قىلالىساڭ شاد،
ياخشىدۇر يەر يۈزىنى قىلغاندىن ئاۋات.
لۇتپىڭ بىلەن بىر دىلنى قول قىلالىساڭ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلىشتىن ئازاد.

— ئۆمەر ھەييام

دائىما بولاي دېسەڭ ساق ۋە ئامان،
ياخشىلىق كۆرسۇن سەندىن پۈتۈن جاھان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

قولۇڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدىكەن، قىلما يامانلىق ھەم،
ۋۇجۇدۇڭ قىلمىشىڭدىن كۆرمەسۇن ھەرگىز ئازاب ـ ئەلەم.

— پەرىدىددىن ئەتتار

غەمكىن قارا كۈندە كىم ساڭا يار،
خۇشال كۈنۈڭدىمۇ ئۇنتۇما زىنھار.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ناكەس كەلدىمۇ ئىشىڭنىڭ بېشىغا،
بارمىغىن تەلەپ بىلەن قېشىغا.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راھىتى مەردۇم دېگەن، ئازار دېمەك —
مېۋە بەرمەيدۇ خىجالەتتىن بۆلەك.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئاز ياخشى ـ كۆپ ياماندىن ياخشى،

— نىزامىي گەنجەۋىي

شۇنداق ئىش تاللىۋال، شۇنداق قىل مېھنەت،
ئۆمرۈڭدە ئۇنىڭدىن تارتما خىجالەت.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئىزدىسەڭ دەردتىن دىلىڭنىڭ ئازادلىقىنى،
ئويلا باشقىلار دىلىنىڭ ئاباتلىقىنى.

— سەئدىي شىرازىي

مال ـ دۇنيا توپلاش ھۈنەر ئەمەس ئەسلا،
قولۇڭدىن كەلسە گەر بىر دىلنى ئاسرا.

— سەئدىي شىرازىي

يامانغا ياخشىلىق قىلماق ياماندۇر،
بۇنى ياخشى بىلەر ئەقلى جايىدا.

بۆرىگە ياخشىلىق ـ قويلار بېشىغا
كەلتۈرەر قانچىلاپ بالايۇ قازا.

— سەئدىي شېرازىي

ھەممەت دەستۇرخانىنى كەم يايدى، ئەي دىل،
ھەممەت ئالەمدە نامى بار، دەپ بىل.

— سەئدىي شېرازىي

لۇتپۇ ياخشىلىق بىلەن ئىش پۈتسە پەقەت،
جاڭجال، غەۋغا قىلىشقا بوندا نە ھاجەت.

— سەئدىي شېرازىي

ئەگەر دۇر بولسا ئىدى ھەر قەترە شەبنەم،
دۇرغا تولاتتى مونچاق بازارى ھەم.

— سەئدىي شېرازىي

ياخشى بولغىن، ھەتتا دۈشمىنىڭ ئاسان —
سېنى دېيەلمىسۇن يارىماس - يامان.
تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ساز چىقىپ تۇرسا،
قۇلىقىنى بۇرىمايدۇ سازچى ھېچقاچان.

— سەئدىي شېرازىي

ياخشىلار كەينىدىن ئەگەر چاپارسەن،
تىلىگىنىڭ، بەختىڭنى شۇندا تاپارسەن.

— سەئدىي شىرازىي

مۇلايىملىق بىلەن پۈتمەس ئىشى.
قاتتىق قوپاللىقنا كىرىشەر كىشى.
كىمكى كەچۈرمىسە ئۆزىنى ئۆزى،
كەچۈرمەس ئۆرگىمۇ كەلگەندە كىزى.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشىغا ياخشى بول، يامانغا يامان.
گۈللەرگە گۈل بولغىن، تىكەنگە تىكەن.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشى خۇلىق مىلىك ياخشى، ئەلا،
ئادەمگە ئوخشىماس بۇ ھايۋان ئەسلا.
مەگەر. دىمىسەڭ چاپان. سەللىسىنى
سىنا بارلىقىنى: تەن، قەلب، كاللىسىنى.

— سەئدىي شىرازىي

گۈزەل يۈزدىن خۇش ئاۋاز ياخشى پەقەت،
ئۇ نەپسى ئوزۇقى، بۇ دىلغا راھەت.

— سەئدىي شىرازىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي بۇلبۇل كەلتۈرگىن باھار خەۋىرىنى،
ھۇپۇپقا تاشلا يامان سۆزىنىڭ بەردى

— سەئدىي شىرازىي

مېنىڭسىز ئىشلىرى يۈرۈشسە راسا.
بىرەر سۆز قىلىشىم ياراشماس ئاڭا.
گەر كۆرسەم قارىغۇنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر،
ئولتۇرسام گەپ قىلماي كاتتا گۇناھدۇر.

— سەئدىي شىرازىي

ھەر كىمدە بولسا گەر ياخشى تەبىئەت،
ئادىمىلىك يۈكسەك ئۇندا نىھايەت.
ياخشىلىقتۇر ياخشى ئىشلار گەۋدىسى،
ياخشىلىقتۇر گۈزەل ئىشلار ئاساسى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تېنىڭمۇ كېتىدۇ، بارۇ يوقۇڭ ھەم،
بەختلىكتۇر ياخشى نام قالدۇرغان ئادەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەرھەمەت ھەددىدىن ئاشقان زامان،
شۈكرىمۇ ھەددىدىن ئاشار بىگۇمان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەخت تاجى بار بولسا كىمنىڭ بېشىدا،
ھەر ئىشىڭ ئوچۇقتۇر ئۇنىڭ قېشىدا.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۇ كونا ئالەمدە ئەيلىگەل بۇنيات①
بىر نەرسىكى خەلقىڭ ئەتسۇن سېنى ياد.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كىمنىڭ ياخشى نامى قالسا يادىكار،
ئەرزىيدۇ دۇنيادىن كەتسە بەختىيار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھاياتتا قالدۇرسا كىم ئەبەدىي نام،
ئەڭ بەختلىك ئادەم شۇ خوللاس كالام.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئادەملىك ئاساسىنى قىلما ھېچ گۇم،
پەقەت ئادەملىكتىن نۇرانى مەردۇم.②

— خوسراۋ دېھلەۋى

---

② ئىشقا ئېشىش، ۋۇجۇدقا چىقىش.

② ئەل، خەلق.

ئىش ۋە مەقسەت چېكىگە يېتىشەرسەن، ئەي ئادەم،
ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئىنتىلىۋەر دەممۇ دەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەر جايدا ھېسابتا بار بولساڭ،
ياخشى ئىش قىلىشقا يار بولساڭ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دەرەخ ئورنىغا گەر تىكسەڭ تىكەن،
شۇنداق تىكەن تىككى، گۈل بەرسە ئىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دۇنيادا ئىستىسەڭ بەخت ۋە سائادەت،
قىلغىن سەپداشلار دىدارىنى ئادەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ گۈمبەز ئاستىدا ياڭرات خۇش سادا،
نېمىنى دېسەڭ ئۇ قايتۇرار ساڭا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھايات بەش كۈنلۈك دەپ كەلدى سادا،
بەش كۈنلۈك ھاياتنى ئۆتكۈزگىن تازا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر خۇش پۇرىقى بولمىغاندا ئۇد،
مەجلىسى تولدۇراتتى ئاچچىق دۇت.

— خوسراۋ دېھلەۋى

مىۋە بەرسە دەرەخ پەقەت بىر شاختىن،
شۇ دەرەخ ياخشى مىڭ مېۋىسىز باغدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۈگۈن بازارلىق ئاۋات ئىكەن،
خەزىنە توپلا ياخشىلىقتىن سەن.

— ھاپىز شېرازى

يىغالماس ياخشىلىق گۈلىنى مېھىر ئۇرۇقى چاچمىغان،
بۇ يولدا شامال ۋە بوران، ئەيلە پەيدا ھامان.

— ھاپىز شېرازى

زامان سەھىپىلىرى — ئىنسان ئۆمرى دەپتىرى،
شۇنداق سۆزنى دېدىكى ئويغا تولغان بىر دانا:
كىمكى بۇ پاك كىتابقا ياخشى ئەمەلى بىلەن،
ياخشى نامىنى قالدۇرسا، ئاشۇنىڭ بەختى ئەلا.

— ئابدۇراخمان جامى

دۇنيادا ياخشىلىقسىز ئالما ھېچ نەپەس،
ياخشىلار ئادەتى پەقەت شۇدۇر، بەس.

— ئابدۇراخمان جامىي

ياخشىلىق قىلغىن قولۇڭدىن كەلگۈچە،
شۇ مېھىر قالىدۇ ساڭا ئالەمدە.

— ئابدۇراخمان جامىي

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن بولساڭ شەرقتە،
ساڭا دۇئا قىلسۇن ئادەملەر غەربتە.

— ئابدۇراخمان جامىي

يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەن ئىدى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

— ئابدۇراخمان جامىي

سىقىلغان كىشىگە كۈلكە بەخش ئەتمەك،
بىر پاتمان قەنتتىنمۇ، بىل، لەززەتلىكرەك.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

شادمەك بول، شادنى كۆر، كۆيۈپ قەلبۇ تەن
باشقىلار بەزمىنى قىلىدۇ روشەن.
بۇلۇت بول — شارقىراپ تۆكسە يامغۇرنى،
سۇغىرار بىرمۇ بىر مايسا ھەم گۈلنى.

— ئابدۇراخمان جامي

سەن ۋە بىز مېھمانىمىز، دۇنيا دېگەن جاي —
دانالار نەزەرىدە بىر مېھمان ساراي.
ھاياسىز ئىشلاردىن يۈزۈڭنى بۇرا،
ساۋابلىق ئىش بولسا يۈگۈرە ئالدىدا.
ياخشى ئىشلىرىڭغا تولسۇن بۇ جاھان،
نامىڭ يەر يۈزىدە قالسۇن كۆپ زامان.
مەرد نامىنى ئالسا يۈز خىلدا ئادەم.
ياخشىلىق ياخشىدۇر ھەممىسىدىن ھەم.

— ئابدۇراخمان جامي

ياخشىلىقنى پەن قىل، ئەي ياخشى ئادەم،
يا بۇ پەندىن تاپسەن ئەقىل - ئىدراك، پەم.
سەۋر بىلەن تاپساڭ ئەگەر ياخشى نام،
ياخشى نامدىن تاپار ئىنسان سەرەمجام.
بۇ كۆپكۆك ئاسمان تېگىدە تامام،
پەقەت ياخشى نامىڭ قالار ۋەسسالام!

— ئابدۇراخمان جامي

شاھ ئۇلكىم، خاتىرى كۆپ روشەنۇ دانا ئېرۇر،
ياخشىغا ياخشى. يامانلارغا يامان، بەدھا ئېرۇر.

— ئابدۇراخمان جامى

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئىشىدىن مەلۇم،
ياخشى يىل باھارۇ قىشىدىن مەلۇم.

— كامالىددىن بىنايى

تاۋازىي قىل، تاپارسەن ئەرجۇمەندلىك،
ئۆزۈڭنى پەس تۇت، كۆرەرسەن سەربەلەندلىك.

— بەدرىددىن ھىلالى

رەھمەت ئىشىكى ئېچىق، ياخشىلارغا تەخت،
گۈل ھەممىگە يېقىملىق ھەر جايدا، ھەر ۋاقىت.

— بەدرىددىن ھىلالى

قولۇڭنى ئالار ئۇ، قولىنى ئالدىڭ،
ھەممىنىڭ پايدىسى قولمۇ قول بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سۆزلىرىدە بولسا يۇمشاقلىق بوياق،
ياۋمۇ قىلار دوستلۇق ئەيىنكىنى پارلاق.

قوپال گەپتىن پىتنە قوزغالغاندا،
گەردەن تومۇرىڭدۇر بۇ جەڭدە تاياق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىشى تەبىئىتى پاش ئەتسە ئىدرىك،
پەقەت ياخشىلىققا قىلار ئىشتىراك.
ئىلىمدىن بى بەھرە قالدۇ تەبىئى،
بەد پېئىلدىن كېچىپ بولالمىسا پاك.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ياخشىلىق قىلساڭ ئۆز دىلىڭ بەختكە يار،
يامانلىق كۆرگۈزسەڭ كۆڭۈلدە غۇبار.
ھېلى قىيامەت كۈن كەلگىنى يوققۇ،
ياخشىلىق قىلۋەر، ھېساب نە دەركار؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاسمان بولساڭ يەرگە ئېڭىشمەك ياخشى.
تۇپراق بولساڭ كۆككە ئىنتىلمەك ياخشى.
ناتىۋان، بىچارە بولمىغىن زىنھار،
غەيرەتتە، ھىممەتتە بول پارلاق، ياخشى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قەلبىڭدە بولسا گەر شادلىقتىن ئەسەر،
خۇلقىڭ ياخشىلاشقا باغلىغىن كەمەر.
قىلىپ تاشنىڭ يۈزى سىلىق بولمىسا،
قىلالماس ئەينەكنى سىلىق، جىلۋىگەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تەشۋىشلىك بۇ ئالەمدە قىل ھامان غەيرەت،
خۇلقىڭدا قوپاللىقنى يوقاتقىن ئەبەد.
بىر - ئىككى تاش بولسىمۇ ئاياغ ئاستىدا،
تايدۇرار تۈز يولدىن، ئۇنتۇما پەقەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەي خوجا، تەمكىن بول، دىل بولسا ناشاد،
ئۆز ئار - نومۇسۇڭدىن سورىغىن ئىمراد①.
خادىمىڭدىن ئۆتكەن بولسا خاتالىق،
ئۆتكەن خىزمەتلىرىنى ياد ئەتكىن، ياد.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ساھىبدىل ئۆلۈمى جاھانغا كۈلپەت،
شام ئۆچسە داغىدا قالىدۇ ئۈلپەت.

— ئابدۇقادىر بېدىل

---

① مەدەت، ياردەم.

# يامانلىق

يىلاننى قانچىكى قىلساڭ تەربىيەت،
بىر كۈنى زەھەرىنى سالىدۇ ئەلبەت.
پەس كىشىمۇ خۇددى يىلان مىجەزدۇر،
يامان دىدارىدىن يىراق بول غايەت.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

بەتناملىقتىن ساقلا ئۆزۈڭنى مۇدام،
دۇنيادا ئارزۇغا يىتەلمەس بەتنام.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

يامانلىق قىلىپ، بولما شادىمان،
جازاسىنى تاپىدۇ ئاخىرى يامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تەرگىنىڭنى ئورۇيسەن،
كۆرگۈرگىنىڭنى كۆرىسەن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

يامانلىقتىن يىراق - يىراق بول،
ئاقىل بول، ياخشىلىق بىلەن ئىناق بول.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

كىمكى تىغ كۆتۈرسە بىراۋ جېنىغا،
زامان تەشنا بولار ئۇنىڭ قېنىغا

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

يامانلىق ئۇرۇقىنى تېرىما پەقەت،
يامانلىق يەتكۈزەر ئۆزۈڭگە ئاپەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

يامانلىققا يامانلىقتۇر مۇكاپات،
شۇدۇر دادۇ ھەققانىيەت، ئادالەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

يامان يا ياخشىلىق قىلغاي ھەر كىشى.
شۇيامان، ياخشىنى تاپماقتۇر ئىشى.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

ياماندا قوشۇلما بولارسەن يامان،
يۇقتۇرار قارىسىنى دائىم قازان.

— ئەبولھەسەن بەردوخي

كىشىگە يامانلىق ئىزدىگەن يامان،
قۇرۇپ رەڭگىرويى بولىدۇ سامان.
يامانلىق كۆرمەيدۇ ئالەمدە ئەسلا،
ھەممىگە ياخشىلىق تىلىگەن ئىنسان.

— ناسىرخىسراۋ

ھاكىملار كۆيىدىن ① سەن خانە ئەيلە،
ناكەسنى ② ئۆرۈكدىن بىگانە ئەيلە.

— ناسىرخىسراۋ

بىھەلمىسەڭ بىراۋ دەردىگە دەرمان،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشما ھېچقاچان.

— ناسىرخىسراۋ

رەزىل ئادەم ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلار،
گاھى ۋاي - دادلار. گاھى ۋاتىلدار.

— ناسىرخىسراۋ

---

① كوچا.
② ۋىجدانسىز، پەسكەش.

يامانلىق تىلەيدۇ دائىما يىلان،
بېشىنى يانچىشتىن تىنما ھېچقاچان.

— ناسىرخىسراۋ

ساڭا نامۇناسىپ ئىشنى قىلما،
باشقىلار جېنىغا زامىن بولما.

— ناسىرخىسراۋ

سېنىڭ - مېنىڭ قولىمىزدا يورۇق يۇلتۇز بولماقلىق،
يۇلتۇزىمىز يورۇقدۇر ئىزدىمىسەك يامانلىق.

— ناسىرخىسراۋ

ئەگەر يېنىڭغا كەلسە بەتگۆي ئادەم،
قوغلىغىن، توختاتماي يېنىڭدا بىردەم.
ياراشماس تېگىلماق ئۇندىن خۇراپات،
خۇراپات ئاخىر بولار باشقا ئاپەت.

— ناسىرخىسراۋ

يۈزسىز كىشىگە، ئىسىت، يۈزلەنسەڭ،
يۈزسىز بولىسەن ئاخىرى ئۆزۈڭ.

— ناسىرخىسراۋ

يىراق بول، يامانلىق — زەھەرلىك يىلان،
يامانلىق چاقىدۇ يىلاندىن يامان.

— ناسىرخىسراۋ

ئاپتاپ قانچىلىك بولسىمۇ روشەن،
بىر پارچە بۇلۇتمۇ يوشۇرار بەرەن.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

يامان، ياخشىلىقنى بىلسىمۇ يامان،
ئىت — ئىتتۇر، بولسىمۇ ياخشى پاسىبان.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

پىل كۆپ ئۇزۇن ياشايدۇ پاشا — چىۋىندىن،
ئەمما پاشا قانخورلۇقتا ئاشىدۇ ئۇنىڭدىن.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئورا قازغۇچى پۇتىنى چوڭقۇردا سۇندۇر،
يول توسقۇچىنىڭ بېشىنى يول تېشىغا ئۇر.

— زەھىرى پەريابى

بەندە سەن شاھ دەۋاسىنى قىلسەن،
قانداق شاھسەن، يامانلىق ئورنىتىسەن؟!

— نىزامى گەنجەۋى

نىمىنى ئۆزۈڭگە كۆرسەڭ سەن راۋا،
شۇنى باشقىلارغا بەرگىن دائىما.
نىكىم ئىستىمسەڭ، ياخشىمۇ - يامان،
باشقىغىمۇ راۋا كۆرمە، ئەي ئىنسان.

— جالالىدىن رومىي

بىراۋنى قەستلەپ ئورا قازغان ئىنسان،
ئاقىۋەت ئۆزۈڭگە قويىسەن قاپقان.

— جالالىدىن رومىي

يامانلىقنى كۆرمىسەڭ ئۆزۈڭگە راۋا،
بىراۋغىمۇ ئۇنى قىلما بۇرادەر.
ئەگەر ئۆز ئاناڭ ئىززىتىنى قىلساڭ،
قىل مېنىڭ ئانامنى تىللاشتىن ھەزەر.

— سەئدىي شىرازىي

ھەركىمكى ئەگەر سەندىن قورقۇپ يۈرسە،
ئۇندىن تىنچلىق كۈتۈپ بولما غاپىل.
چايان سانجار بولسا ئادەمگە نەشتەر،
كۆپىنچە قورقۇشتىن سانجار، ياخشى بىل.

— سەئدىي شىرازىي

ھەر جايدا يامانلىق ئۆگىتەر يامان،
خەس - چۆپكە ئېسىلۇر ئەرق بولغان ئىنسان.
يامان كىشىلەرگە ھەمراھ بولمىغىن،
قارىسىنى يۇقتۇرار مىسالى قازان.

— سەئدىي شېرازىي

ناكەسكە مەدەت بەرمىگىن نوخلىسى ئۆسىدۇ،
بۆرە چىشى قانچە ئۆتكۈر شۇنچە قانخور بولىدۇ!

— سەئدىي شېرازىي

ئىشەنمە يامان ئېيتسا شېرىن ماقال،
ھەسەلگە زەھەر قاتمىقى ئېھتىمال.

— سەئدىي شېرازىي

كىشىلەر قويىنى بوغماستىن ئاۋۋال،
زالىم بۆرە بېشىنى كەسكىن دەرھال.

— سەئدىي شېرازىي

كىم سالسا ئۆزگىگە ئازاب ۋە جاپا،
ئۆز يېلتىزىغا ئۆزى ئۇرار پالتا.

— سەئدىي شېرازىي

سەن شەپقەتسىز ھەرىگە ئېيتقىن: ئەگەر
ھەسەل بەرمىسە، ئۇمۇ سانجىما نەشتەر!

— سەئدىي شىرازىي

يامان بىلەن ئولتۇرما، يامان سۆھبىتى،
خۇلقىڭنى كىر قىلار، پاكلىق ئاپىتى.

— سەئدىي شىرازىي

يامان بىلەن ئولتۇرغان ئىنسان،
بىر ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.

— سەئدىي شىرازىي

سىرتىدىن كۆرۈنمەيدۇ ھەر نەرسىنىڭ ئىچى ھەم،
بەزى تاتلىق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زەھىرى جەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئىت ئەلا ئېرۇر، مەردۇ مازاردىن،
كىشىلەرنى قىيىنغۇچى مەككاردىن.

— سەئدىي شىرازىي

بىچارە ئېشەككى ئەقىلسىزدۇر،
يۈك كۆتۈرگىنى ئۈچۈن ئەزىزدۇر.

ئىشلەمچان ئۆكۈز ۋە ياكى ئېشەك،
زالىم كىشىدىن ياخشىدۇر بى شەك.

— سەئدى شىرازى

يامانلارغا يېقىن بولمىغىن ئەسلا،
جەھەننەم ئوتىدىن ساقلا، رەببەنا.

— سەئدى شىرازى

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى،
شۇنداق تەبىئىتى، پېئىلى - خاھىشى.

— سەئدى شىرازى

كىمكى يامان ئىشنى بىلىدۇ راۋا،
ئۆز قىلمىشىدىن تارتىدۇ جازا.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئۆزۈڭگە نەشتەرنى كۆرمىسەڭ راۋا،
باشقىلارغا نەيزە كۆتۈرمە ئەسلا.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ئۆزگىلەر غېمىدىن بولىدىكەن شاد،
ئۇ ئالۋاستىمىدۇر، نەرى ئادەمزات؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىمدىنكى يامانلىق كۆردى ئادەمزات،
ياخشى نامى ئاخىر بولىدۇ بەرباد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

زۇلۇم بولغاچقا ئۇ قىلىچنىڭ ئىشى،
بېشىنى پەسكە ئېسىپ يۈرىدۇ كىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تۆمۈرچى قان تۆكەر تىغنى قىلدى ئىجاد،
يۈزىنى قاپقارا قىلدى، ئۆزىنى ناشاد.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قىلىچتىن يىڭنە كۆپ ياخشىدۇر ئەلۋەت،
ئۇ يىرتار، تىكەر، قىلماس جاراھەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يىڭنە بىلەن چىقار ئاياغتىن تىكەن،
يىڭنە تىكەن بولسا بۇ يامان ئىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يامانىدىن يىراق بول، ياخشىغا دىلكەش،
ئۆمرۈڭ زايا كەتكەچ، دىلىڭ بولار غەش.

— ھاپىز شىرازىي

ھەممىشە غۇسسەيۇ غەم تەلار دىلنى پىچاقتەك.
ھەر كىمكى بارچە بىلەن بەدخولۇقلۇق راھىر؛
زىندان بىگىگە ئىپىتىپ زىندان قىلماق نە ھاجەت؟
ئۆز تېرىسى ئۆزىگە زىندان ئەمەسمۇ ئاخىر!

— ئابدۇراخمان جامىي

ئاداۋەت تىغىنى كۆتۈرگەن كىشى،
ئاداۋەت تىغىدا بولىدۇ ھالاك.

— ئابدۇراخمان جامىي

تاش يۈرەكلەرگە شوئارىڭ سەخت قىل،
قىرىغان تۆمۈرنى تۆمۈر بىلەن ئىل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بۇ مۇكاپات مۈلكىنىڭ ئېگىز - پەسى بار،
تەجرىبە قىلمىشتۇر دانالار بىسيار.

دەيدۇ قادىرلىقتا زالىم بولمىغىن،
تاكى ئاجىزلىقتا كۆرمەيسەن ئازار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قاچان كېتەر يامانلىق ئۆچلۈك ئەھلى پىكرىدىن،
مەقسەت يولىنى يىلان ئىزدەر پەقەت زەھرىدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## ئادالەت

قولۇڭدىكى قىلىچ ئالماس بولسىمۇ،
ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرمىسۇن ئۇ.

— ئەبۇئابدۇللا روھاكى

دان سۆرىگەن چۈمۈلىگە بەرمە ئازار،
جان تاتلىق، شۇندىمۇ تاتلىق جان بار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

يامانلىق قىلسىدىكەن دۈشمەن ياكى دوست،
ياخشىيۇ يامانغا ئادالەت دۇرۇس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جەبرۇ ئازاب بىلەن ئۇلغايماق ئەسلى،
نە بىزنىڭ ئارزۇمىز ۋە نە دىل قەستى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئادالەتسىز كىشى دىلىنى ۋەيران قىلغىن،
شىخسى سۇندۇر، يىلتىزلىرىنى يۇلغۇن.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

نۇر بار جايدا زۇلمەتكە يوق جاي،
كۈن چىققاندا كۆرۈنەمدۇ ئاي؟

— ئەبۇلپەزىل بەيھەقى

ئەدىل - پاك ئەقلىنىڭ ۋارىس، جىلاسى،
ئەقىل ئاپتاپ، ئەدىل ئۇنىڭ زىباسى.

— ناسىر خىسراۋ

يىرتقۇچ بۆرە گەر ئۆلۈمگە لايىق،
زالىم ئۇنىڭدىن يامان، خالايىق.

— ناسىر خىسراۋ

ھەر كىم دىل ئازاردۇر،
ھاياتى ئاھۇ زاردۇر.

— پەرىدىددىن ئەتتار

كىم بىراۋ باغرىنى زۇلۇمدا تىلدى،
ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزلۇملار، دىلىنى ئاغرىتما بىر زۇم،
بەلكى بىر كۈن ئۆزۈڭ بولىسەن مەزلۇم.

سەئدىي شىرازىي

مەردۇم ئازاردىن بەتبەخراق كىم بار؟
مۇسىبەتتە قالسا، كىم بولىدۇ يار؟

— سەئدىي شىرازىي

كىم مېھىر كۆرسەتتى يىرتقۇچ بۆرىگە،
ئازابلىق دەرد قوشتى قويىنىڭ دەردىگە.

— سەئدىي شىرازىي

مەزلۇم ئازارىغا مايىل بولمىغىن،
خەلق دىلى دۇتىدىن غاپىل بولمىغىن.

— سەئدىي شىرازىي

رەھىمدىللىك ئادەمدە ئالىي خۇلق، ئەمما
دىل ئازار يارىسىغا قويمىغىن مەلھەم.
قىلما رەھىم - شەپقەت يىلان ھىيلىسىگە،
بۇ ئىشتىن ئازار يەيدۇ پەررەندى ئادەم.

— سەئدىي شىرازىي

تۆمۈر قورغان ساڭا ساقچى بولسا ھەم،
ئادالەت ئۇقىدىن بولما خاتىرجەم.
زالىم ئۆزگىلەرگە قىلسا نە ئىش،
لازىمدۇر شۇ ئىشنى بېشىغا سېلىش.
بولىدىكەن ئىشى ئەگەر يامانلىق،
ھەر قانداق ھالەتتە بەرمە ئامانلىق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەسلىدە شۇنداقتۇر گۇمبىزى جاھان،
قايتۇرار ھەر نىمە دېگىنىڭ ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بولمىغاندا ئىدى قارا تۈن بى نۇر،
چىراغ قىلالمايتتى نۇرىنى زوھۇر①.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

چۈمۈلىنى چوقۇپ، قىرار قىرغاۋۇل،
قارچىغىدىن ئۆز ھالى مۈشكۈل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

---

① پەيدا بولۇش، نامايان بولۇش، كۆرۈنۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادالەت زالىملارغا بولسا ئاپەت،
جاپا چەككەنگە بەرگەي پاراغەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم كىشى دىلىغا بىرىندۇ ئازار،
ئىتنىڭ ئۇندىن ئارتۇق شان - شەرىپى بار.

— ھاپىز شىرازىي

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى،
تارالغاي ھەرياققا نۇرى - زىياسى.
ئەگەر زۇلۇم قىلسا زالىم، بۇ زۇلۇمدىن،
جاھان بولغاي قارا، يوق ئىنتىھاسى①.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇ زىرەك ئالىم ئېيتتى بىر سۆزكى، ياخشى غايەت،
مەملىكەتنىڭ تايانچىدىن ئەمەستۇر — ئادالەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

شەھرۇ يېزا ئاۋات ئادىلدىن،
جاھان خەلقى كۆپ شاد ئادىلدىن.

— ئابدۇراخمان جامىي

① ئاخىر، كېيىن، پايان.

ئادىل مېھرى ـ شەپقەت قىلغان كۈن،
بۆرە چۇپان بولۇشى مۇمكىن.

— ئابدۇراخمان جامي

ئادىل مەملىكەتكە بولىدىكەن مېمار،
باشقا ھېچبىر نەرسە ئەمەستۇر دەركار.

— ئابدۇراخمان جامي

دۆلەتنى ساقلاشقا ئەڭ كېرەكلىكى،
ئەدىلۇ ئىنساپ ئېرۇر، كۆپرۇ دىن ئەمەس.
دۇنيا تەرتىپىنى ساقلىغۇچى شاھ،
دىنسىز بولسا ھەمكى، ئادىل بولسا بەس!

— ئابدۇراخمان جامي

مەملىكەت ئىزدىسەڭ ئادىل يولنى تۇت،
بولمىسا سەن ئۇنداق ھەۋەسنى ئۇنۇت.
بوش ساداق بىلەن ئوقتىن سىر تەدبىر بول،
ئادالەت تىغى بىلەن جاھانگىر بول.

— ئابدۇراخمان جامي

ئەدىل بىلەن تاما ـ گويا ئوت بىلەن سۇ،
ئىككىسىنى بىر جايدا بىراۋ كۆرگەنمۇ؟

— ئابدۇراخمان جامي

زالىم ۋە ئادىل بىر ئەمەس مەملىكەت شودگارىدا،
بىل قاۋان بىر باشقايو ھەم قوشچى دېھقان باشقادۇر.

— ئەلشىر ناۋايى

نەدە ھەق ۋە ناھەق ئاجرىتىلمايدۇ،
كىشىلەر خۇلقىدا ساپلىق بولمايدۇ.
بىر پەسكە پەسلىكنى ئېيتسا ئۇ دېدى:
«ھەر كىمگە بۇ دۆلەت نېسىپ بولمايدۇ»

— ئابدۇقادىر بېدىل

## ئىشق ۋە مۇھەببەت

كىم ئىشقىدىن مەست بولدى - كەيپ نېمە بىلدى،
بالايۇ جاپانى ئىمتىھان قىلدى.

— ئەبۇئابدۇللا روداكى

ئايال، بىل، لۇتپۇ ھىممەتكە سازاۋەر،
گۆدەكتەك مېھرۇ شەپقەتكە سازاۋەر.

— ناسىر خىسراۋ

مىنى ھالاك ئەتتى غەمى ھىجرانىڭ،
پېشەڭنى تۇتتۇم كەتكەن زامانىڭ.
كەتتىڭۇ غېمىڭدىن مىڭ كۆڭۈل ئۆلدى،
قايتتىڭ، يانا مىڭ جان بولدى قۇربانىڭ.

— ئۆمەر ھەييام

گۈل يۈز يار ھېچكىمگە نېسىپ ئەتمەسكەن،
تا ئۇنىڭ دىلىغا سانجىلماي تىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارغاقتا نەزەر سال، يارنىڭ چېچىغا —
يەتكۈنچە يۈز بۆلەك باغرى كېسىلگەن.

— ئۆمەر ھەييام

سېنىڭ مەپتۇنۇڭمەن، بېرەي مەن خەۋەر،
ئۇنى ئىككى سۆزدە ئېيتاي مۇختەسەر:
ئىشقىڭ تۇپراق قىلغاي، ئەمما مېھرىڭدىن،
بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بولاي جىلۋىگەر.

— ئۆمەر ھەييام

دىل ئۇنىڭ دەردىگە تولسا ياخشىدۇر،
باش يولىن تۇپرىقى بولسا ياخشىدۇر.
غەم تىغىنى دوست ئاتسا، ئاڭا رەنجىمە،
دوستۇڭدىن نېمە ھەم كەلسە ياخشىدۇر.

— ئۆمەر ھەييام

ئىشقىدۇر ئەبەدىيلىك ئەۋجىدە ئاپتاپ،
ھايات چىمەنىدە بەختىمىن خىتاب.
بولبۇلدەك نالە قىلماق ئىشق ئەمەس،
ئىشق — نالە قىلماسلىق، بولساڭ يۈز قاراپ.

— ئۆمەر ھەييام

ئىشقىڭدىن يوق ماڭا ئارۇ مالامەت،
ئىشقىتىن بىخەۋەرگە قىلما ئىشارەت.
بۇ ئىشىق شارابىدۇر مەردلەرگە داۋا،
نامەردلەرگە نىسىپ بولماس بۇ راھەت.

— ئۆمەر ھەييام

يارسىز يول بولمايدۇ ھېچ راۋان،
سۇ بولمىسا — سۇ ئاققاندى قاچان؟

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئۇ قەدەھ سۇنۇپتۇ يۇ، ساقى قالماپتۇ،
جامالىدىن زەررىسى باقى قالماپتۇ.

— پەرىددىن ئەتتار

پەرۋانە ئاتەشتىن ھۆزۈر تاپسا گەر،
كۆيسىمۇ ھېچقاچان قىلمايدۇ ھەزەر.

— پەرىددىن ئەتتار

ئىككى تۈلكە — يارۇ مەھبۇب بار ئىدى،
ئەھدى پەيمان ئىككىسىگە يار ئىدى.
بىر كۈنى ئىت بىلەن ئۇۋدا پادىشاھ،
تۇتتى ئىككى تۈلكىنى، ئەي، ئىست، ئاھ!

چىشى تۈلكە سورىدى ياردىن شۇئان:
— ئەمدى نەدە ئۇچرىشارمىز، جانىجان؟
— ئۇچرىشىمىز ئاتا قىلسا خۇدا ئەگەر،
ئۇستا جۇۋىچى دۇكانىدۇر ئۇ يەر!

— پەرىدىددىن ئەتتار

باشقا تۈگمەن تېشى كەلگەندە ھەتتا،
دىلبىرىدىن قايتسا، دىل ئەمەس ئەسلا.

— نىزامىي گەنجەۋىي

مىڭ خىل ئەدەبنى ئىشقتىن ئۇقار جان،
ئۇلارنى مەكتەپتىن تاپالماس ئىنسان.

— جالالىدىن رومىي

ئىككى ئاشىق قوشۇلسا روشەن ئۆتەر كۈن،
جۇپلىكەندە لاۋۇلداپ يانىدۇ ئوتۇن.

— سەئدىي شىرازىي

مەشۇقە ۋىسالى بولمىدىكەن يىراق،
لازىمدۇر دىدارىغا ياخشىلاپ تويماق.

— سەئدىي شىرازىي

نەگە كەلمىش ئىشىق سۇلتانى مەگەر،
قالمىغاي تەقۋا قولىنىڭ قۇۋۋىتى.
قاندىقچە پاك ياشىغاي ئۇ بىچارە،
لايىغا پاتقان بولسا، يۈز - كۆز سۈرىتى.

— سەئدىي شىرازىي

ھەر نەرسىگە باغلىما كۆڭۈل،
كۆڭۈل ئۈزمەك ئەجەبمۇ مۇشكۇل.

— سەئدىي شىرازىي

ئاڭلالمايسەن ۋاپادارلىق شىۋەسىنى چىن،
ھەردەم ئۆرگە گۈلگە قوشاق ئېيتار بۇلبۇلدىن.

— سەئدىي شىرازىي

مىنىڭ ئاشىقلىق مەشۇقەگە دىل بەرمىگىن،
دىلىڭ بەرسەڭ، تېگى بىلەن ئۈزۈپ بەرگىن.

— سەئدىي شىرازىي

تا يالقۇن نۇر چاچسا شامنىڭ بېشىدىن،
پەرۋانە كېتەلمەس ئۇنىڭ قېشىدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇشۈكچە مۇھەببەت بولمىسا ھەتتا،
كۈچۈكتىن ئۆگەنگىن تەرقىمي ۋاپا.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ياراشماس ئىشق ئەھلىگە مەيپەرەسلىك،
كېلەر دىۋانىلىق، بولمايدۇ مەستلىك

— خۇسراۋ دېھلەۋى

چىشى قاۋان كەينىدىن ئەگىشەر ئوينالاپ قاۋان،
چىشى شىرنىڭ كەينىدە تەنھا بىر شىر بار ھامان.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ۋاپا كۆرسەڭ بىراۋدىن بولما لال زادى،
ۋاپا قىلدىڭ، ۋاپا بولدى مۇكاپاتى

— خۇسراۋ دېھلەۋى

ساپ پاكلىقتا سەرۋىدىن گۈل قىلىشمايدۇ،
ئەمما ۋاپا بابىدا سابىت① ئەمەس ئۇ.

— خۇسراۋ دېھلەۋى

① ئېغىشماس، مۇستەھكەم.

دۇنيادا ھەر جىنسكى، ھايۋان نامى بار،
ھەممىسى ئۆز جىنسى بىلەن بىر ئارامى بار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

نى خۇش سۆز ئېيتار ئۇ يارىغا يارى،
كى ھەر گەپكە كېرەكتۇر غەمگۇزارى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئىشق مۇنبىرىگە چىققان چاغدا بىز،
ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز.
بىزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمىسۇن،
ئىشق بىلەن يانمىغان، يۈرىكى ھېسسىز.

— مەخسىتي گەنجەۋىي

كەتسە ئەگەر ۋەسلى يار ھەركىم قولىدىن،
تاپالماس بال بېھىش ھۆرى لىۋىدىن.

— ھاپىز شېرازىي

ئىككى ئالەمدە مېنىڭ يېنىمدا يارىم بولسا، بەس،
يا بېھىش، دوزاخ، يا ھۆرو غىلمان كېرەك ئەمەس.

— ھاپىز شېرازىي

مېنى ئەسىر قىلار شەۋقى بار كىشى،
گەدىنىمدە ئىشقىنىڭ تەۋقى① بار كىشى.
سەن نەدىن بىلسەن ئىشق لەززىتىنى،
بۇ شارابنى ئىچكەي زوقى بار كىشى.

— ھاپىز شىرازى

چېھرىسى كۈلگەن گۈزەلنىڭ بارچىسى دىلبەر ئەمەس،
ئەينىكى بار كىشىلەرنىڭ بەرى ئىسكەندەر ئەمەس.

— ھاپىز شىرازى

ھاياتنىڭ گۆھىرى ئىشقتىن كېلىدۇ،
ئەبەدىي جەۋھىرى ئىشقتىن كېلىدۇ.

— ئابدۇراخمان جامى

جىلۋىلىرى شۇنداق قىلسا دىلنى بەند،
ئاشىق ئۇندىن ئىچۈك قۇتۇلار، ھەرچەند②.
كىشىلەر تەنبىھى قۇلاقتا شامال،
شامالدىن ئوت ـ يالقۇن ئەۋج ئالار بەلەند.

— ئابدۇراخمان جامى

---

① بويۇنتۇرۇق.
② ھەرقانچە، كوچىنىڭ بارىچە.

ئىشق نۇرىنىڭ جىلۋىسى — مەردلەر دىلىنىڭ جامالى،
دىلى گۈزەل بولمىغان بەكمۇ يىراق سۆيگۈدىن.

— ئابدۇراخمان جامى

يار ۋەسلىنىڭ ھىددىن نىشان
يوق جاي — ئازادىگە مىسلى زىمىستان.
ئاشىققا رەقىب سۆھبىتى زىندان،
زىنداندىن تار ۋە زىنداندىن يامان.

— ئابدۇراخمان جامى

ئاشىق رەزىللىككە بولسا گىرىپتار،
بولار دائىم مەشۇق ئىشىكىدە زار.

— زىبۇننىسا

قايسى دىلغا چۈشمىسە ئىشقتىن شولا،
ئۆمرى كۆيۈپ ئۆتەر، جاپا ئازابتا.
كوزىدىن ئال ئىبرەت، سۇغا چىدالماس،
ئاۋۋىلى كۆيمىگەن بولسا ئۇ ئوتتا.

— ئابدۇقادىر بىدىل

---

ھەرقانچە، كوچىنىڭ بىرىچە.

تاكى ئىشق قىسسىسى تەكرارغا قابىل،
بۇ ماتا بازارىنى دائىم قىزىق بىل.
مەجنۇن دائىم چاچار بېشىغا تۇپراق،
يەرھاتنىڭ جوتۇسى تاشتا موتتەسىل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## توغرىلىق ۋە راستچىللىق

ھەم كىمكى توغرىدۇر ـــ شادلىققا يەتتى،
كىمكى ئەگرى بولسا ـــ يېتەلمەي كەتتى.

ـــ ئەبۇئابدۇللا روداكىي

يالغان، ئەگرىلىككە ئۆگەنمە ئەسلا،
جاھان توغرىلىقتىن بولغاندۇر بەرپا.

ـــ ئەبۇشوكۇر بەلخىي

نەدە رەشەن بولسا توغرىلىق نۇرى،
ئەگرىلىك سۇنىدۇ، قۇرۇيدۇ شورى.

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

توغرىلىقتىن باشقا يوق مەندە، ھۈنەر،
ئەگرىلىك پىكرىمدىن يىراق شۈبھەدەر.
جاھاندا ھەممىدىن توغرىلىق ئەلا،
بارمۇ ئەگرىلىكتىن يامانراق بالا؟

ـــ ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزدىگىن راستلىق ۋە مەردانىلىق،
يىراق تۇرسۇن ئەگرىلىك، بەڭۋانىلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

قۇدرەتلىك ئىنساندا باردۇر راستچىللىق،
زەئىپلىكتە ئەگرىلىك، يالغانچىلىق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

توغرىلىقتىن كېلەر ھەممە ياخشى ئات،
ئەگرىلىكتىن پايدا كۆرمىدى بىر زات.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

دىلىڭنى توغرا قىل، توغرىلىق چۈنكى —
يەتكۈزەر مەقسەتكە سېنى توپتوغرى.

— ناسىر خىسراۋ

ئەگرىلىك ھوسۇلى — قاباھەت بولار،
توغرىلىق ھوسۇلى — سائادەت بولار.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

ئەگرىلىك كەلتۈرەر باشقا غەم - ئەلەم،
توغرىلىق — جىمىكى غەملەرگە بەرھەم.

— نىزامىي گەنجەۋىي

هەركىمكى پاك نەزەردۇر،
جاھاندا مۆتىۋەردۇر.

— پەرىدەددىن ئەتتار

راستلىقتا تونۇلغاچ، ئەگەر مەجبۇرەن،
يالغان سۆزلىسەڭمۇ ئىشىنەر ھەممە.
يالغان بىلەن مەشھۇر بولساڭچۇ، ئۇندا —
راست گېپىڭ يالغانغا چىقار ھەممىشە.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ياخشى بولماق ئىزدىسەڭ، ياخشى بول، ياخشى،
راست سۆز، توغرىلىقنى قىل ئىشىڭ نەقىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پاك دىللارغا ئەسلى زىيان يەتمەيدۇ،
يەتكەندىمۇ كۆڭلىكىدىن ئۆتمەيدۇ.

— رۆكنىددىن ئەۋھادى

كىشىنىڭ تۇزى پاك بولمىسا ئەگەر،
بولمايدۇ پاكلىقنى كۆرمەك مۇيەسسەر.

— ئەبۇلمەجد سانايى

راستلىقتىن باش تارتماس ھېچ دانا ئىنسان،
راستلىقتىن ئادەمگە كېلەر ئابروي - شان.

— سەئدىي شىرازىي

دىل، ئەگەر راستلىقنى قىلساڭ ئىختىيار،
دۇنيا خەلقى ساڭا بولار دوست ۋە يار.

— سەئدىي شىرازىي

كەمچىللىك، ئارتۇقلۇق بىر ئەمەس، لېكىن،
ئادەمدە ئىككىسىنى تاپماقمۇ مۇمكىن.

— سەئدىي شىرازىي

ئەگرى ئوق مەرگەننى قىلدۇ رەسۋا.

— سەئدىي شىرازىي

سەن پاك بول ۋە ھېچكىمدىنمۇ قورقما، بۇرادەر،
كىر كىيىمنى تاشقا ئۇرۇپ يۇيار كىرچىلەر.

— سەئدىي شىرازىي

ئادەملىكتىن نىشان ئەمەس پەقەت كىيگىنى،
ئادىمىلىك جېنى بىلەن شەرەپلىك جېنى.

— سەئدىي شىرازىي

پاكىز بولمىسا كىمنىڭ قەلبى،
ھېكمەت سۆزى بىلەن تۈزەلمەس ئىشى.
نۇر ياغار نەسىھەت سۆزلىمىسىمۇ،
تۇرۇشى ئىبرەتتۇر پاكىز كىشى.

— سەئدىي شېرازىي

قاشنىڭ راستلىقى ئەگرىلىكىدۇر.

— سەئدىي شېرازىي

جاھاندا ياخشى ئىش يوق توغرىلىقتىن،
توغرىلىق گۈلى خالى تىكەن تىغىدىن.

— سەئدىي شېرازىي

كىمنىڭكى پاك بولسا ھېسابى،
قورقۇتالماس ئۇنى ھېساب - كىتابى.

— سەئدىي شېرازىي

توغرا ئويلاپ، توغرا يۈرگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى، پۇختىدۇر ئۇنىڭ ھەر ئىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر ياخشى بولالىساڭ ياخشى بول،
راست سۆزلە، راستلىقتا ئىنسان نەقىشى بول.

— خوسراۋ دېھلەۋى

راستلىق بىلەن مەشھۇر بولسا گەر گاداھ،
سۆزۈم خۇنۇك ئەمەس، ئاشۇ پادىشاھ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ياشاشقا مادارسىز بولسا تەن ۋە جان،
جانان ۋەدىلىرى بېرەر تەنگە جان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

سۆزلىسەڭ راست سۆزلەشنى قىل ئادەت،
راستلىقتىن بارمۇ ياخشى رىبۇ رىنىنەت؟

— ئابدۇراخمان جامىي

توغرىنى دە، توغرىنى كۆر، توغرا يۈر،
توغرا سۆزلە، توغرا ئاڭلا، توغرا تۇر.

— ئابدۇراخمان جامىي

خارلىقتىن چىقمىسۇن ئەگرىلەر بېشى،
توغرىلىقتۇر دائىم توغرا يولدىشى.

— ئابدۇراخمان جامىي

راستلىقتىن ياخشىراق زىننەتنى قاچان،
قەيەردە كۆردىكىن بىرەر بىلىمدان.
راستچىللىقتا سۆزنىڭ ھۆسن كامالى،
توغرىلىنىپ تولار ئاينىڭ جامالى.
ئەگرى - ھىلالىلىقىدا يوق ئەسلا نۇرى،
نۇردىن لاپ ئۇرسىمۇ يەتمەيدۇ قۇربى.

— ئابدۇراخمان جامىي

توغرا ھەرئاپەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەر،
مەسەل بار: «توغرىلار مەقسەتكە يېتەر.»

— كامالىددىن بىنايى

توغرىغا بالامۇ زىيان سالالماس،
ئەگرى ھېچ يەرگىمۇ يېتىپ بارالماس.

— كامالىددىن بىنايى

توغرىلىق ئۇچرىماس ھېچبىر بالاغا،
سەرۋى قۇرۇسىمۇ يارار ھاسىغا.

— سەيىدا نەسەپىي

توغرىلىقتا تايانسا كىمكى ئىشىدا،
سەرۋى ئۆسىدۇ ئۇنىڭ مۇراد بېغىدا.

— سەيىدا نەسەپىي

توغرىكەن ھەممەتلىك، مەردتۇر ئۇ ئىنسان،
ھەممەت قىلار ياش ۋە قېرىغا تامام.
پەل پاشىغا ئەسلا ئېتىبار قىلماس،
شىر بولسا، پېقىرغا رەھىم قىلار ھامان.

— ئەھمەد دانىش

# يالغانچىلىق

ئادەم ئابرويىنى تۆكمىدۇ يالغان،
كېيىن راست سۆزلىسە ئىشەنمەس دانان.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخى

دوستلۇقتا يارىماس يالغانچى ئادەم،
شۇنىڭدەك ئەگرى دىل، ناپاك كىشى ھەم.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ياكى پادىشاھ بولسۇن، ياكى چاكار،
يالغانچى بولسا گەر — خۇنۇك ھەمدە خار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

گەر كىمنىڭ سۆزى بولسا دائىم يالغان.
ئەقىل دەر: «يۈزىدە يوق نۇردىن نىشان».

— ناسىر خىسراۋ

يالغانچىغا كۆرسەتمە كارامەت،
ئۇندىن يىراقراق بول ساق ۋە سالامەت.

— ناسىر خىسراۋ

لاپ ئۇرما، مەسخىرە قىلمىغىن ئەسلا،
ئۆز ئاياغىڭغا ئۆزۈڭ ئۇرمىغىن پالتا.

— ناسىر خىسراۋ

گۇناھ ئەلدىن يوشۇرماق، جىم‌ئولتۇرماق.
لېكىن ئۇندىن يامان يالغان گەپ قىلماق.

— پەرىدىددىن گۆرگانى

كىم كاززاپ بولسا سۆزلىرى يالغان،
دوستلۇق، ۋاپادا بولماس نورەپشان.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئەي بۇرادەر يالغان سۆزلىمە زىنھار،
يالغانچى بولار خار ۋە بى ئېتىبار.

— سەئدى شىرازى

يالغان دەپسەندە قىلار ئادەمنى،
يالغان شەرمەندە قىلار ئادەمنى.

— سەئدى شىرازى

يالغانچىدىن نومۇس ئاقىللار ئىشى،
يالغانچىنى ئادەم دېمەس ھېچ كىشى.

— سەئدىي شىرازىي

بۇ ئالەمدە كىمكى تۇتامسىز سۆزلەر،
ئادەملىكتىن ئۇندا يوق بىرەر نىشان.
كىم سۆزىدە پات - پات: «گېپىم راست» دېسە،
خۇددى شۇ «گېپىم راست» دېگىنى يالغان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گەۋھەرشۇناسلىق قىلغان كور بەندە،
قىياسىرىش ۋاقتىدا بولار شەرمەندە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر شىر كىمكىگە ئۇچسا ئاھۇ،
بارار ھىلىچىسىرى يىرى بىلەن ئۇ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

سۆزۈڭنى بېزەتمەك بولسا گەر تىلەك،
راستلىقتۇر سۆزۈڭگە ئەڭ ياخشى بېزەك.

روھنى بىزەتمىسۇن يالغان رەڭ - بوياق،
يالغاندىن رۇھىڭغا چۈشەر خىرە - داغ...

— ئابدۇراخمان جامى

يالغان قەسەمگە بەند قىلما تىلىڭنى،
جېنىڭغا زەرەر، ۋەيران قىلار دىلىڭنى.

— ئابدۇراخمان جامى

## بەتنىيەتلىك

بەتنىيەت بولما، تاپقايسەن ھالاكەت،
يەتكەي جانى پاكىڭغا پالاكەت.

— ناسىر خىسراۋ

ئۆزىنى دەيدىغان بەتنىيەت دوستتىن،
جىنسى يولۇڭغا تىككەن ئىت ياخشى.

— ناسىر خىسراۋ

ھىچكىم دىمەيدۇ جىنىم،
ئاچچىق مىنىڭ قىتىقىم.

— نىزامىي گەنجەۋىي

سەندىن بىر نەپ ئىلىپ، سىنى ماختىسا،
ئۇنداق ماختاشلارغا سالما سەن قۇلاق.
ئەگەر بىر ئىشنى ھەل قىلىپ بەرمىسەڭ
تاپار ئىككى يۈز ئەيىب ۋە ئۇندىن جىقراق.

— سەئدى شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالەمگە سەل ياغسا پۈتۈن ئاسماندىن،
ئۆيى دۆڭدە خەۋەر ئالماس ئويماندىن.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئەگەر بولسا خوجا تەبىئەتى پەس،
ئاررۇسى ئۆزىدىن پەسراقتۇر پەيۋەس.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قانچىلىك بولمىسۇن كېچە قاراڭغۇ،
كور چاشتان كۆزىگە نۇر چەشمىسى ئۇ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كەت يامانلار سۆھبىتىدىن ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام،
بەتنىيەتلىك، بىل، ئەقىلسىزلىقنىڭ ئىسپاتى تامام.

— ھاپىز شېرازى

مەنسەبدارلىق ھەۋىسىنى تامام تەرك ئەت،
بەتنىيەتلەر يەرگە قاراپ قالار ئاقىۋەت.

— ئابدۇراخمان جامى

گەر نادان بولمىسا، ئەقىللىق كىشى،
باشقىلار قاتارى بولماقتۇر ئىشى.

— ئابدۇراخمان جامى

# ئەدەب

ئەدەبسىز يۈز كىشى بىلەنمۇ يالغۇز.

— شاھىد بەلخى

شادمان بولالىساڭ شادمان بولغىن،
ئۇندىن باشقىسىغا مەيلىڭ بەرمىگىن.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

روھى شادىمان، تەن سالامەت بولسا بەس،
شۇ ئىككىسى بەختۇ ئىقبال ھەم ھەۋەس.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ياخشى خۇلق شاھلىق ھەممە زور دۆلەتتىن ياخشىراق،
ساپ تەبىئەت تىللا - گۆھەر كانلىرىدىن ياخشىراق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمنىڭ پېئىلى ـ ئەتىۋارى ياخشى ۋە يامان،
شۇ پېئىلنى ھەممىگە ئىشلىتەر ئاسان.

— ئەسەدىي تۇسى

ھەممىنىڭ خۇلقى نىھانۇ ئاشكار،
ئۆزگىرىپ تۇرغاي مىسالى روزىگار.

— ئەسەدىي تۇسى

پەرىلەردەك پاكدۇر ياخشى تەبىئەت،
يامان خۇلق، دىۋىدەك ھەممىگە ئاپەت.

— ئەسەدىي تۇسى

ئەگەر خۇرسەن بولارسەن خۇش زاماندا،
ئەبەد خۇشال ۋە شاد قال بۇ جاھاندا.

— ناسىر خىسراۋ

سېخىيلىق بەخت ـ سائادەتتىن دەلىلدۇر،
ساخاۋەتسىز، سائادەتسىز ... بېخىلدۇر.

— ناسىر خىسراۋ

كەمتەرلىكتىن كېلەر ئىززەتۇ ئىكرام،
كىبىرلىكتىن يامان بولار ياخشى نام.

— ناسىر خىسراۋ

ھايا ئادەملىك ئەسلىدۇر، ئەسلى،
شۇندىن ئادەم بولار ھەر ئادەم نەسلى.

— ناسىر خىسراۋ

ئادەم بولسا، ھايا بولغۇسى ئەلۋەت،
بىھايا ۋۇجۇدقا ياغسۇن لەنەت.

— ناسىر خىسراۋ

جاھاندا غەم يېمە قولۇڭدىن كەلسە،
ياخشى ئەمەس بار - يوقتىن دىل دەردكە تولسا،
بەش كۈنلۈك دۇنيادا شاد - خۇرام يەپ - ئىچ،
بىر دان ئەكمتەلمەيسەن خەزىنەڭ بولسا.

— ئۆمەر ھەييام

ئەي دوست، خالاس بولايلۇق ئەتىكى غەمدىن،
نەق يەپ، بەھىر ئالايلى غەنىمەت دەمدىن.

— ئۆمەر ھەييام

شاھلىق كىتابىنى ئوقۇماق ھاجەت،
دىلدا غەم ئوتلىرى ئۆسمىسۇن پەقەت.

— ئۆمەر ھەييام

ئۆتۈپ بارار ئەجەب ئۆمۈر كارۋىنى،
قولۇڭدىن چىقمىسۇن شادلىق زامانى.

— ئۆمەر ھەييام

ئۆمرۈڭدىن بىر نەپەس ئۆتسە، ئەي ئىنسان،
قولۇڭدىن چىقارمىغىن، بولماستىن شادمان.
قانداق ئۆتكۈزسەڭ، شۇنداق ئۆتەر ئۆمۈر،
ھوشيار بول، نەق شۇنداق ئەسلىدە جاھان.

— ئۆمەر ھەييام

ساڭا مەلۇم قىلىچۋازلىق چاغلىرى،
غادايماقلىق بولار باشىنىڭ زاۋالى.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىرەك بولسا ئابروي ئالەمدە،
ياخشى خەلق بولسۇن ئادەمدە.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ياخشى خۇلق ئەڭ ياخشى نەرسە دۇنيادا،
خەلق سۆيەر ھەممىدىن شۇنى زىيادە.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ياخشى مىجەزلىك كىشىنى،
ياخشى دېگىن ئىشىنى.

— جالالىددىن رومى

پەرىشان بولۇشنى خالىمساڭ دىل،
پەرىشان ھاللارنى ئۇنتۇمىغىن، بىل.

— سەئدى شىرازى

كىشىلەرنى كايىپ تۇرۇش ئەيىب ئەمەس،
ئەمما شۇنچىلىككى، دېيەشمىسۇن بەس.
سەن ئۆزۈڭنى كايىشنى بىلسەڭ خوپ،
باشقىلار كايىشنى ئاڭلىمايسەن كۆپ.

— سەئدى شىرازى

شادلىقنىڭ شۆپىسى ھىممەتتۇر، ھىممەت،
ھاياتنىڭ مېۋىسى ھىممەتتۇر، ھىممەت.

— سەئدى شىرازى

www.uyghurkitap.com

زۇلۇم چەكسەڭ، كىيگەن چىدام تۆتۈكىنى،
يۇمشاقلىق ياپىدۇ ئۇرۇش ئىشىكىنى،
يۇمشاق مۇئامىلە، تاتلىق سۆز ئادەم،
بىر قىل بىلەن سۆرەپ كېتەر پىلنى ھەم.
يۇمشاق بولغىن، يۇمشاق يىپەكنى ھەتتا
ئۆتكۈر قىلىچلارمۇ كېسەلمەس ئەسلا.

— سەئدىي شىرازىي

لەئلى ياقۇت بولىدۇ تاش قانچىلاپ يىللار ئۆتۈپ،
سەن ئۇنى سۇندۇرمىغىن بىر پەستىلا تاشقا ئۇرۇپ.

— سەئدىي شىرازىي

پەس ئادەمگە مۇئامىلەڭ بولسا بوش،
مەنمەنلىكى ئېشىپ، ئۇچار ئەقلۇ ھوش.

— سەئدىي شىرازىي

تەن ئەمەس، ئادەمدىن تەلەپ ئەتكىن دىل،
لەگلەك ئېغىر، ئەمما قارچىغا يەڭگىل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يامان نەپسىڭنى سەن ئەدەبكە قۇل قىل،
ئەدەبسىزنى ئەدەب بىلەن قايىل قىل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

خۇش چىراي ئەمەس ياخشىلىقنىڭ پەللىسى،
ياخشى خۇلقتۇر ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دۇرغا سەدەپ بولمىسا پەردە ۋە لىباس،
قەترە سۇغا قوشۇلۇپ كېتەتتى خالاس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

پاكراق بولغىن ئاسمان قەترەسىدىن ھەم،
پاكراق بولغىن ئاپتاپ زەررەسىدىن ھەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىشى پەقەت ھۆسن بىلەن گۈزەل ئەمەس،
ئادىمىلىك جەۋھەر بىلەن گۈزەلدۇر بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھاسىل بولار زەررىلەردىن ئالەمدە ئاپتاپ،
ئەدەب ئەمەس ئاپتاپ كەتسە ئۆزىنى ماختاپ.

— ھاپىز شىرازىي

بەش كۈنلۈك گۈلگە ئوخشار بۇ ئۆمرىمىز مۇددىتى،
بولۇش كېرەك گۈل كەبى خەندان لەپ، گۈزەل چىراي.

— ھاپىز شىرازىي

ئەدەب ئۆچمەيدىغان بولۇشى كېرەك،
رەسۇل بەرمەس ھېچ سىرتقى بېزەك.

— ئابدۇراخمان جامي

ئەگەردە ئۆيدىن ئاچسىپ بەرسە،
باردۇ يوق يېرىم نېنىنى گادا.
يېرىم خەزىنىسىنى بەرگەن شاھتىن
سېخىيلىق بابىدا شۇ گادا ئەلا!

— ئابدۇراخمان جامي

كۆزۈڭ ئۆتكۈر، دىلىڭ بولسا زېرەك،
ئۆزۈڭدىن ئۇيالغىن ھەممىدىن كۆپرەك

— ئابدۇراخمان جامي

دىلىڭدا بولمىسا بىلىم، فازىل - ئەدەب،
قىلما زىننەت، كىيىم، مەرتىۋە تەلەپ.
ئەدەب ئۆچمەيدىغان نۇرلۇغان جايىد —
سىرتقى بېزەكتىن نېمىسى پايدا؟
سەن بېزەك ئەندىدە تويمىسا كۆزۈڭ،
دانا تۈكۈرۈكىدىن بولغىنار يۈزۈڭ.

— ئابدۇراخمان جامي

تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈڭگە قاراپ،
ئەي ئەقلۇئىنسابتىن بىخەۋەر كىشى.
تەن غىلاپ، ئەمما جان — غىلاپتا قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسمەكلىك قىلىچنىڭ ئىشى.

— ئابدۇراخمان جامي

باشقىلار سەندىن ياخشى بىلمەس، بۇرادەر،
سېنى ئارتۇقچە ماختىۋەتسە ئەگەر.
ياخشى سىناپ باق ئۇياق - بۇيېقىڭنى،
سۇنغىن يوتقانغا قاراپ ئايىقىڭنى.

— ئابدۇراخمان جامي

دوستلار ئەيىبىنى كۆرۈپ قالساڭ گەر،
ياخشى ئەمەس ئۇنى باشقىغا ئېيتماق.
ئاقىۋەتنى ئويلاپ ئىش قىلغۇچى دەر:
« ئەيىب ئېچمىشتىن ياخشى ئەيىبنى ياپماق.»

— ئابدۇراخمان جامي

دەرۋىشتىن ھۆكۈمدار سورىدى: « نېچۈن
كەلمىدىڭ ئالدىمغا شۇنچە ئۇزۇن ۋاق؟»
ئۇ دېدى: « نېمىشقا كەلدىڭ دېگەندىن —
نېمىشقا كەلمىدىڭ! دېگەن ياخشىراق! »

— ئابدۇراخمان جامي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىدا ھاياسى باركى ھەر ئىنسان،
پاكلىقى بىلەنلا ئۆزىگە پاسىبان.

— بەدرىددىن ھىلالىي

قامىتىڭدىن نە پايدا دىتى بولمىسا،
گۈل رەڭگىڭدىن نە پايدا ھىدى بولمىسا.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ئەدەب روشەن چىراغتۇر ئەنجۇمەندە،
ئەدەب پاكلىق دەلىلى دىل — چىمەندە.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ھەددىڭدىن ھېچ ئاشمىغىن ئەدەب ئىزدىسەڭ،
ئوتتۇرا ھالدا تۇرغىن ئەدەب ئىزدىسەڭ.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ئەدەب — پىشىلىق تەبىئەت ئارايىشى،
ئەدەب — ئەھۋالۇ ھالەت ئاسايىشى.
ئەدەب — ھۆسنۇ جامالىڭ جەمدۇر جەم،
ئەدەب — كۆكلەم، كامالىڭ جەمدۇر ھەم.

— بەدرىددىن ھىلالىي

قەيەردە ھېرىس يانسا بى تولغۇن،
ئەمەسلىك ئاڭا بولىدۇ ئوتۇن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بولمىسا ھەرمۇ ھايادىن ئىز گۈزەل ھۆسنىدە، بىل،
شەبنەمى يوق تازا گۈلدىن ياخشىدۇر قەغەز گۈل.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھىممەت كەمرىنى باغلىغان ھامان،
چۈمۈلە يېڭىدۇ شىرنى بەگۇمان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بەش كۈنلۈك ئۆمرۈڭ بۇ تىنچسىز ئالەمدىن،
تېچ ئۆتەر، سەن ئۆزۈڭ قىلغان مەلھەمدىن.
مەزھەبۇ مىللەتتىن ئىزدىگىن ئەدەب،
ياخشى خۇلق ئىزدىگىن ھەر ئىلمۇ پەندىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

# سۆز

سۆز كۆچىدىن يىغىلار مۆنبەر ھەم، دار ھەم،
سۆز بىلەن چىقار ئىندىن يىلان - مۆردار ھەم.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

بىزلەر بىر ئۆتكۈنچى، جاھان بەر قارار،
ئادەمدىن پەقەت سۆز قالار يادىكار.
ياخشى نام قالسا بەس، شۇ بىزدە مەقسەت،
تېنىمىز ئۆتكۈنچى قالىدىغان نام!

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى قىسقا سۆزلەپ دېدى كۆپ مەنا،
راۋانلىق بابىدا شۇ كىشى ئەلا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمدە بىھۇدە سۆز گەر بولسا بىسيار،
ئۇ نۇتۇق مەجلىسىدە دائىم بولار خار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

جاۋابىدىن مەلۇم بولىدۇ دانا،
ئاڭا جامال ئاچار ئارزۇ مۇددىئا.

— ئويۇلقاسىم پىردەۋسى

سۆزلۈك قالغۇسىدۇر سەندىن يادىكار —
خارلىقىڭغا سەۋەب قىلمىغىن زىنھار.

— ئويۇلقاسىم پىردەۋسى

شىرىن سۆزلۈك بولغىن، ئەي سەن بىلەرمەن،
بۇلغىما لىۋىڭنى سوغۇق سۆز بىلەن.

— ئويۇلقاسىم پىردەۋسى

پەقەت پۇختا سۆزنى يورۇتماق كېرەك،
پۇختا سۆز ھېچقاچان كونىرىماس- دېمەك.

— ئويۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمنىڭكى بېشىدا شور ئىش — غوۋغا بار،
كۆپ سۆزىدىن مەنا چىقارماق جاپا.

— ئويۇلقاسىم پىردەۋسى

ماڭا ھەرگىز سۆزلىمە كۆرگىنىڭنى،
سۆزلىمە ھېچ ئاڭلىغان - بىلگىنىڭنى.

www.uyghurkitap.com

خەۋەر ھېچ ۋاقىت بولمايدۇ ئاياندەك،
گۇمان بولماس كۆڭۆلگە چىن، راۋاندەك.

— پەخرىددىن گۇرگانى

ماڭا نەسىھەتتىن تارتىپ تىلىڭنى،
ئاۋۋال ئۆز پەندىڭگە باغلا بىلىڭنى.
سۆزۈڭدەك بولمىسا ئۆز ھەرىكىتىڭ،
بولمىغۇر لاپتۇر ھەممە نەسىھەتىڭ.

— ناسىر خىسراۋ

سۆزدۇر ئىنسان ئەقلىي دەلىلى،
سىرى ئېچىلار، سۆزلىگەچ تىلى.

— ناسىر خىسراۋ

سۆز ئىچىدە دائىم ئەقىل يوشۇرۇندۇر،
سۆز چىمىلدىقتۇر، ئەقىل كېلىندۇر.

— ناسىر خىسراۋ

سۆزلىسەڭ ياخشى سۆز دېگىن بۇرادەر،
شېرىن سۆز پايدىدۇر بى كۈمۈش، بى زەر.

— ناسىر خىسراۋ

ئەي بۇرادەر، بولسا ئەس ـ ھوشتىن نىشان،
بول مۇلايىم، با ئەدەپ، شېرىن زەبان.

— پەرىدەددىن ئەتتار

ھەركىم ئۆز گوپتاردىن بولسا مەلۇل ①
باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى قىلماس قوبۇل.

— پەرىدەددىن ئەتتار

نادانلاردەك يۈزلەپ سۆزنى قىلما قاتار،
دانالاردەك بىر سۆز دېگىن، لېكىن مەنىدار.

— سەئدىي شىرازىي

ئەي، ئاقىل، ئاغزىڭىز ئىچىدە بۇ تىل
ھۈنەرلىك كىشىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى.
ئېچىلماي ئىشىك نەدىن بىلسۇن كىشى،
ئۇ گۆھەر پۇرۇشمۇ ياكى يايىمچى؟

— سەئدىي شىرازىي

ماختاش نادانلاردىن. گۇمان ئۆزۈڭدىن،
ھەركىز غۇرۇرلانما گۈزەل سۆزۈڭدىن.

— سەئدىي شىرازىي

---

① خاپا، غەمكىن.

تاكى بىرەر سۆز دېگۈچە ئىنسان،
ئەيىب، ھۈنىرى ھەممىدىن نىھان،
يولۋاس ئۇخلاپ يېتىشى مۇمكىن،
چىمچىت توقاينى قىلما بوش گۇمان.

— سەئدىي شىرازىي

كۆپ ۋەھىمە سۆزلەر يالغانچى كاززاپ،
تەمبۇر بېشى بوشكەن، ئۇرىدۇ كۆپ لاپ.

— سەئدىي شىرازىي

سۆزلىرىڭدە بولسا پىكرو ئوي يېڭىق،
بولسۇن ھەر سۆزۈڭدە بىر نۇقتا ئېنىق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دىلنى پاكلىغۇچى سۆز قايغۇ - ئەلەمدىن،
تۇغۇلۇۋەرمەيدۇ ھەربىر قەلەمدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جانلار ئارا كىرسۇن سەنئەتكار دېگەن،
جانغا پەيۋەند بولغاچ ھېچ ئۆلمەيدىكەن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تىلدا تەكرار زەبان بولالمىسا سۆز،
جان بولسىمۇ تىرىك قالالماس ئەپسۇس.

— خوسراۋ دېھلەۋى

سۆز دىل جىلۋىسىنىڭ شاھىدى، بىلگىن،
بۇ جىلۋىدىن مەھرۇم بولۇش بەك قىيىن.

— ئابدۇراخمان جامى

ئاپتاپ بىلەن ئايمۇ سۆز بىلەن روشەن،
پەلەك ئايلىنىشىنى بىل سۆز بىلەن.
ئەگەر سۆز بولمىسا، بولمايتتى قەلەم،
بايادا ئۆز بېشىنى يېمەيتتى ھەم.
سۆزدىن كېلەر ھەممە سېھىر ھەم ئەپسۇن،
بولۇپمۇ كەلىمە بولغاندا مەۋزۇن①.

— ئابدۇراخمان جامى

ئەگەر ئىشقا ھەمراھ بولمىغاندا سۆز،
ئىش يولىنى گەپتىن كۆرەلمەيدۇ كۆز.

— ئابدۇراخمان جامى

---

① ۋەزىنلىك، شېئىرىي.

بىر شائىر ئوقۇدى ئېتىقسىز غەزەل،
دېدى كىم: «ئىلىپسىز يازدىم، بۇ ئەلا»،
دېدىمكى: «ئەڭ يۈكسەك سەنئەت بولاتتى،
شېئىرىڭدا سۆزلەرمۇ بولمىسا ئەسلا.»

— ئابدۇراخمان جامىي

ئاخشام بىر مەتلىنى غادىيىپ ئوقۇپ،
دېدىڭ: «بۇ ئۈنچىلەر كانى - بەھرغۇ!»
«بىر بەھرىگە قانداق قانائەت قىلدىڭ،
شېئىرىڭنىڭ ھەر مىسراسى يېگى بەھرغۇ!»

— ئابدۇراخمان جامىي

كۆپكۆك بۇ نەيرەڭۋاز ئاسمان ئاستىدا،
بولساڭ ھەر ئىنساننى سىناش قەستىدە،
غەرق بولما سۆزلىرىڭ ھۆسن - جامالىغا،
نېچۇكتۇر، نەزەر سال ئىشىڭ ھالىغا.
كۆپلەر بار دۇنيادا گەپ - سۆزى جانان،
لېكىن پېئىل - ئېتىبارى ياماندىن - يامان.
ئىشىدىن تۇغۇلسا پەقەت دەرد - ئەلەم،
تىلىدىن نېمە پايدا سېھىرلىسە ھەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

تىلدىكى قاتمۇ قات خاتاغا، ھەيھات،
چىرايلىق كىيىملەر بىھرەلمەس نىجات.
سۆزۈڭ كىيىمىڭدەك تۇقسانىسىز، ماس قىل،
ياكى كىيىمىڭنى سۆزۈڭگە راست قىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

مال، ئەمەل بولسىمۇ جانغا يېقىنراق،
سۆز كامالى ئۇندىن چەكسىز ياخشىراق.
ھەممىسى جاھاندىن يوقىلار بەرھەق،
دۇنيا بىلەن بىللە سۆز قالار بەرھەق...

— ئابدۇراخمان جامىي

خىجالەت كەلتۈرىدىكەن تىلدىكى پەرداز،
گىيا ئۇنمەس قارا يەر بولغىنى ساز.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قۇرۇق دۆۋەت قەلەمنى مۇم قىلار ئۆزىدەك بىكار،
تىل سۆزلەشنى بىلمىسە، قۇلاق تاپار كۆپ ئازار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئېتىقسىزلار سۆزىدىن بەھر كۆرەلمەس،
قەدەھ تولار، مەي كەيپىنى سۇرەلمەس.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دىڭىز مەۋجى قەترە ئاددىي سۇ ئەكسەر،
دۇرغا قوشۇلدىيۇ، بولدى ئۇ گۆھەر.
سۆز ئەسلى شامالۇ شائىر نەزمىدە
مەۋزۇن بولغاچ ئۇلدى سەددىي ئىسكەندەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سۆزدىن تەسىرلەنمەس ماختانچاق ھېچ ۋاق،
نەزمىدىن قەغەز ھېچ بولماس ماختانچاق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## سۆزلەش قائىدىسى

كۆنچە سۆز سۆزلەپ قىلدىڭ پۇشايمان،
ئېيتمىغان سۆزۈمدىن مەن خۇشال ھامان.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكىي

ھەر ئىشتا ياخشىدۇر يۇمشاق سۆزلىسەڭ،
ياخشى ئەمەس باشتا ئوۋغا كۆزلىسەڭ.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەگەر كىمنىڭ تىلى سۆزلىسە يۇمشاق،
قوپال سۆزنى ئەسلا ئاڭلىماس قۇلاق.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمكى كۆپ سۆزلىسە بى شەرمۇ ھايا،
تاپالماس ئىززەتۇ ئابروي ئەل ئارا.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆزىدە ھېچ بىلىم بولمىسا، دېمەك،
جىمجىتلا ئولتۇرۇش ئەڭ ياخشى بېزەك.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئېيتىمىغان سۆز دىلدا يوشۇرۇن گۆھەر،
تاش قاپنىڭ ئىچىدە ئالماس بىخەتەر.
قىپىنى پارچىلاپ، كۆرسەتسە دىدار،
قۇياشتەك نۇر چېچىپ، قىلىچتەك چاقنار.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دانا دائىم ياخشى سۆزدە - سۆھبەتتە،
ئاڭلىغان بەھرىمەن ئۇنىدىن ئەلۋەتتە.

— ئەسەدىي تۇسىي

مۇلايىملىق بىلەن قىل سۆزدە جەۋلان،
قوپال سۆزدىن رەنجىيدۇ ھامان دىل - جان.

— ناسىر خىسراۋ

قاراشقا ناراۋا نەرسىگە كور بول،
تىڭلاشقا نالايىق گەپ - سۆزگە گاس بول.

— ناسىر خىسراۋ

زېرەكلەر سۆھبىتى قىلار بەختىيار،
نادان كېپىدىمۇ دائىم زەرەر بار.

— ناسىر خىسراۋ

قىلالىسا تەسىر دىللارغا سۆزى،
دوستلار سۆھبىتىدە مۇنبەر ئۆزى.

— ناسىر خىسراۋ

سىلىقلىقتىن كۆپ دىل مەپتۇن - رام بولۇر،
قوپاللىقتىن پىشىشىق قايتا خام بولۇر.

— ناسىر خىسراۋ

مازاق - مەسخىرەگەدىن كەلمىسۇن ئازار،
سوغۇق چاقچاق ئابروينى يەرگە ئۇرار.

— ناسىر خىسراۋ

نېمە سۆزلىسەڭمۇ بىلىپ سۆزلىگىن،
ئاستا ۋە يۇمشاق قىلىپ سۆزلىگىن.

— ناسىر خىسراۋ

شۇنداق تاتلىق لەۋلىرىڭدىن بولدى ئاچچىق جاۋاب زاھىر،
تاتلىق لەۋدىن ئاچچىق جاۋاب ئېيتماق ياخشى ئەمەس ئاخىر.

— ئەبۇلمەلىك مۇئىززى

سۆزلىگەندە لازىم دۇر تىزماق،
بولمىسا قىڭغ بولغان ياخشىراق.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

يامان خۇلقتىن يامان سۇرەت ياخشىراق،
يامان سۆزدىن يامان ئەخلەت ياخشىراق.

— ئەبۇلمەجىد سەنايى

كەم سۆزلە تاللا ئىسلى دۇر،
ئاز - ئازدىنمۇ بولىدۇ كۆپ - زور.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئاۋۋال بىلىۋىلىپ، كېيىن سۆزلىگىن،
زەرنى تېپىپ، ئاندىن خەجلەشنى بىلگىن.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئەي بۇرادىر، بولغىن سەن خۇش سۆز، خۇش چىراي،
سېخىي نامىڭ دۇنيادا ئەبەدىي قالغاي.

— پەرىدەددىن ئەتتار

تالڭ قالما، ئويلاپ - ئويلاپ سۆزلىسە ھەم،
ھاياتتا كامالغا يەتكەن پىششقەدەم.
ئويلىماي تۇرۇپ ھىچ لام - مىم دىمىگىن.
ساز سۆزلە، مەيلى سەن كىيىن سۆزلىگىن.
ئاۋۋال ئويلاپ كىيىن سۆزگە ئۇر نەپەس،
توختىتات، ھىچكىم ساڭا دىمەي تۇرۇپ: «بەس.»
سۆز بىلەن ھايۋاندىن پەرق قىلار ئادەم،
ئۇندىن بەس پايدىسىز سۆزلىگەن شۇ دەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئاۋۋال ئويلاپ، سۆزلەك ئاندىن،
ئۇل ئاۋۋال قويۇلار تامدىن.

— سەئدىي شىرازىي

بىر قوپال سۆھبىتى مەجلىستىن چەندان،
خۇش دىل جامائەتنى رەنجىتەر ئاسان.
كۆلچەك تولدۇرۇلسا شەربەتكە تامام،
بىر ئىت چۈشسە بولار تامامەن ھارام.

— سەئدىي شىرازىي

نىچۈن سۆزلەي، سۆزلىمىگەن ياخشى ئان
ئىغىزدا تىل باشقا بولار پاسىبان،

— سەئدىي شىرازىي

ئۆزگىنى قارغىما، ھۆرمەت تاپسەن،
ئېمىنى تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.

— سەئدىي شېرازىي

سۆزلىمسەڭ سەندە كىمنىڭ ئىشى بار،
دېدىڭمۇ، دادىل ئېيت، ئىسپاتلا تەكرار.

— سەئدىي شېرازىي

سۆزۈڭ ئەگەر دىلكەش ۋە شېرىن بولار،
مۇكاپاتى تەسدىقۇ تەھسىن بولار.
بىر ئېيتتىڭمۇ، ئېيتما ئۇنى ئۆزگە دەم،
تويۇپ بىر يېدىڭمۇ يېتەر، ھالۋا ھەم.

— سەئدىي شېرازىي

ئەي ئاقىل، سۆزنىڭمۇ باش - ئايىقى بار،
ئۆزگە سۆزگە سۆزۈڭ قىستۇرما، زىنھار.
ئەقلۇ ھوش ئىگىسى، تەدبىرلىك ئىنسـان
سۆز باشلار سۆھبەتداش جىم بولغان زامان.

— سەئدىي شېرازىي

ھەممە بىلگىنىنى دېمەس پاراسەت ئەھلى ھەر ئان.
پادىشاھلار سىرىنى دەپ، باشتىن ئايرىلىش ئاسان.

— سەئدىي شېرازىي

سۆز ئەينى ساۋ بىلدىغىنى بىلىنگۈچە سۆزلىمە،
ئاڭا سار جاۋابلىنىشنى بىلمىگۈچە سۆزلىمە.

— سەئدىي شىرازىي

كامالۇ پازىلدىن بى بەھرە بولساڭ،
ئاغزىڭنى چىڭ يۇمغىن، يىققىن تىلىڭنى.
ئادەمنىڭ ئۆز تىلى قىلار شەرمەندە
مېغىزسىز ياڭاقنىڭ يېنەكتۇر ۋەزنى.

— سەئدىي شىرازىي

بىر ئەخمەق ئىشەكنى سۆزگە ئۆگەتمەك —
بولۇپ، كۆپ ۋاقىت كۆپ كۈچنى قىلدى قۇربان.
بىر دانىشمەن دېدى: «تەنىگە نالما،
بىھۇدە ئورۇنۇشتىن كەچ، ئەي نادان.
ياخشىسى، ئۇنىڭدىن سۈكۈتنى ئۆگەن،
ھايۋان سۆزلەشنى ئۆگەنگەن قاچان؟»

— سەئدىي شىرازىي

كىمكى، ئويلىماستىن قايتۇرسا جاۋاب،
سۆزى ئېتىبارسىز، چېكەر ئىزتىراب.

— سەئدىي شىرازىي

يا ئويلاپ سۆزلىگەن ئىنسان مىسالى،
يا جىم ئولتۇرۇۋەر ھايۋان مىسالى.

— سەئدىي شىرازىي

ئەقىللىق بولسا گەر جاۋاب بېرىدۇ،
پەقەت ئۇنىدىن سوئال سورالغان زامان.
گەرچە ھەق بولسىمۇ گەپدانىنىڭ سۆزى،
سۆزلىرى يالغانغا بۇرۇلار ئاسان.

— سەئدىي شېرازىي

سۆزلە جاۋابىغا چىدالىساڭ ئۆزۈڭ،
ئارپا تېرىسپ بۇغداي كۆرمىگەي كۆزۈڭ.

— سەئدىي شېرازىي

سۆزلىگەندىن سۆزلىمەسلىك كۆپ ياخشى،
كۆپ سۆزلىگەن، سۆزدىن تاپار ھاياجان.
سەدەپ شەكلى ئوخشاپ كېتەر قۇلاققا،
شۇنىڭ ئۈچۈن دۇرغا لىقمۇ لىق تولغان.
باش ئۇستىگە چىقىرىدۇ تارغاقنى،
يۈز تىل بىلەن جىم تۇرغاچقا ئۇ ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شاھلار ھەۋىسىگە خىلاپلىق بولسا
راست گەپنىمۇ قىلما، بۇ ئۆيى تاشلا.

— سەئدىي شېرازىي

قوپال كىشى بىلەن، گەپدان بالادۇر،
قەغەز يۈزىمۇ ئۇندىن قارادۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

دەممۇ دەم سۆزلىسەڭ، پىكىرسىز، ئاڭسىز،
نەيدىن يەل چىقاردىڭ ھېچبىر ئاھاڭسىز.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قىسقا سۆزلەش، قارىغىن، ياخشى ھالدۇر،
كۆپ سۆزلەش ھەمىشە دىلغا مالالدۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

خالايىق ئاغزىنى ياپماقتىن ھامان —
دېڭىز ئۈستىگە كۆۋرۈك ياسىماق ئاسان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كۆيگەن كىشىنى بەزلىسەڭ ھەر چاغ،
ھەر سۆرۈڭ فۇيىدۇ ئوت ئۈستىگە ياغ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپار كۆڭۈلسىز سۆزدىن مىڭغە ئازار،
ناغرا كەم چېلىنغاي، چاك - چۇ بىسيار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گاسقا ئېيتار بولساڭ سىرىڭنى تازا،
ئاۋۋال باشقىلاردا بولار سۆز - غوۋغا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دەرەم ①پاسبانى بولما چېكىپ رەنج،
تىلىڭنى ساقلىغىن، شۇ ھەقىقىي گەنج.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بى مەھەل سۆزدىن يىراق،
جىم ئولتۇرغان ياخشىراق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قارچىغا كۆپ سۆزگە بېرىلمەۋدۇرمەس،
قۇچقاشتەك بىكار ۋىچىرلاۋەرمەس.
كىچىككىنە ئاغزى بار بۇلبۇل خەندان —
سايرايدۇ، باق، ئەشق دەردىدە ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

---

① پۇل نامى.

گۆشنى كېسىدىغان تىغ كۆپ ئالەمدە بىل،
لېكىن گۆشتىن بولغان تىغ بىر زەھىرى قاتىل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەقلۇ ئىدراكۇ ئادالەت بىلەن سۆز ئېيت دائىما،
بارچە مەنا بولسا جەم، ئاندىن بايان ئەت مۇددىئا.

— ھاپىز شېرازىي

سۆز جايى ۋاقتىغا بولار ئىكەن ماس،
سېھرۇ ئەپسۇن ئۇچۇن ئۇ بولار ئاساس.

— ئابدۇراخمان جامىي

تاش يۈرەكنى يۇمشىتىۋال مىسلى مۇم،
سەندىن پاناھ تاپسۇن بىچارە مەزلۇم.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئېيتقىننىڭ قايتۇرار نە دېسەڭ تاققا،
ئۇرىسەن ھەرنېمە تەرسەڭ تۇپراققا.

— ئابدۇراخمان جامىي

سۆزگە لەۋ ئاچساڭ، ھېكمەت بىلەن ئاچ،
ئەقىلسىز ۋات - ۋات سەپسەتىدىن قاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېكمەت، دەپ بىلسۇن ۋۇجۇدۇڭ قۇلاق،
بولمىسا، ياخشىسى سۆزلىمە بىراق.

— ئابدۇراخمان جامىي

سۆز تىنىق كېلىدۇ كۆڭۈلگە زىلال ...
تەكراردىن كېلىدۇ كۆڭۈلگە مالال ...

— ئابدۇراخمان جامىي

بىھۇدە سۆزلەردىن تىلىڭنى ئەت خالى،
ئاشكارا بولىدۇ ئەقلىڭ جامالى ...
ئويلانماي سۆزلەنگەن سۆز بولماس ئەل،
تىلغا يولىمىسۇن ھېچ بۇنداق خاتا.
سۆز ئارا جىلۋىسىنى كۆرسەتەر كۆڭۈل،
بۇ جىلۋىدىن خالاس بولماقلىق مۇشكۇل.

ئابدۇراخمان جامىي

گەرچە سۆز جىلۋىسىنى چاچار دائىما،
ۋاقتىدا جىم بولۇش دىل - جانغا داۋا.

— ئابدۇراخمان جامىي

سۆزلىمەككە ئەگەر ئاغ-زىڭ ئاچارسەن،
كېرەك ياخشى - يامانىنى ئاجرىتارسەن.

قەپەزدىن قۇش چىقىپ، ئۇچقاندا بىلگىن،
يەنە قايتا ئۇنى تۇتماق بەك قىيىن.

— ئابدۇراخمان جامي

زىرەكلىكتىن سۆز ئاچقان، قىلما كورلار تەنىسىنى،
ئۆز ئىشىغا كۆزلىرى روشەن، كۆرەر ھەممىسىنى.

— ئابدۇراخمان جامي

سىنىڭ جىنىڭغا خۇشياققان چاقچاق،
ئۆزگە دىلىغا نەشتىرى پىچاق.

— كامالىددىن بىنايى

ئەي بۇرادەر، مەسخىرىگە ئاچما لەب،
ئەگەر ئاچساڭ، بولسۇن ئۇندا ساز ئەدەپ.
ئادەم ئابروينى تۆكەر ئۇ بىلگىن،
چاقچاقنى قوي، ئابرويۇڭنى تۆكمىگىن.

— كامالىددىن بىنايى

كۆپ كاسىلدىغان دانادىن بىراق،
جىمجىت ئولتۇرغان نادان ياخشىراق.

— بەدرىددىن ھىلالي

سۆھبەتى نائەھلى بىلەن بولغۇنچە بوستان ئارا،
دەيدۇ دانا، يەككىلىك ئەۋزەل، ئاشۇ زىندان ئارا.

— زىيائىي

ئۆز ۋەسپىدە ئالىم گۇپتارى قىزىق،
ئۆز ئىشقىدا مەجنۇن ئەشئارى قىزىق.
بۇ دەشتىنىڭ قۇملىرى تورزۇپ پۈتكۈنچە،
لاپ گەپ - سۆزلەرنىڭ بازارى قىزىق.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئىنسانغا كىرپىك ھەم لەۋ قىلىپ پەيدا،
سۆز ۋە كۆز يولىنى يېپىپتۇ تازا.
زۆرۈرىيەتسىز ئاچما كۆزنى يا لەبنى،
بۇنىسى دىل ۋەھمى، ئۇ باشقا بالا.

— ئابدۇقادىر بىدىل

## سىر ساقلاش

زامانە نەسىھىتى: باسقىن جاھالىتىڭنى،
تىلىڭنى بەند قىلمىساڭ بەند قىلار ئايىغىڭنى.

— ئەبۇئابدۇللا روداكى

ئوتتۇز ئىككى چىشتىن سۆز قۇتۇلغان ئان،
ئوتتۇز ئىككى قۇلاق، دىل ئاڭا ماكان.
قايتىپ كېلىشىنىڭ ھېچ ئىمكانى يوق،
ئېغىزدىن چىققان سۆز - يادىن ئۇچقان ئوق.

— ئەبۇشۇكۇر بەلخى

قىزىقما ھېچقاچان پايدىسىز سۆزگە،
ئۇندىن نەپ تاپالماسسەن تۇتۇندىن ئۆزگە.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

سۆزلىمىگەن سۆزۈڭ ئىچىڭدە نىھان،
ھەر تەرەپكە تارقىلار ئېيتقان زامان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىرىڭنى سوراپ قالسا، ھەر كىمدىن تۇت نىھان،
ھەركىمكى سۆزلىمەس كۆپ، ئۇ مۇلاھىزىكار.
ئىچىڭدە نىھان بولسا، سىرىڭ سېنىڭ ئەسىرىڭ،
ئۆزۈڭ ئاڭا ئەسىرسەن قاچان قىلدىڭ ئاشكار.

— ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا

ئېيتمىغان سۆز ئېيتىلغانچە بولالماس،
ئېيتىلغان سۆز ھېچ يوشۇرۇن قالالماس.

— ناسىر خىسراۋ

ئادەم تىلىدىندۇر بالانىڭ بەرى،
تىلدا ھەر ئادەمنىڭ پايدا - زەرەرى.

— ناسىر خىسراۋ

تاكى سورىمىسا تىلىڭ لال بولسۇن،
تاكى چاقىرمىسا ئاياغ تىنچ تۇرسۇن.

— مەسئۇد سەئىد سەلمان

ھەر سىرنى دىلىدا ساقلىسا دانا،
ئۇ يوشۇرۇن بولسۇن مىسالى ئەنقا.
سەدەپنىڭ ئىچىدە قەترە دۇر بولار،
سىر قىلىپ قەلبىدە يوشۇرغاچ دەريا.

— ئۆمەر ھەييام

ئاكەستىن سىر ساقلا، تىلىڭنى باغلا،
ئەبلەختىن يوشۇرۇن بولۇشنى چاغلا.

— ئۆمەر ھەييام

ئۆز تىلى تېگىدە مەخپىيدۇر ئادەم.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئاياغىڭغا كىشەن چۈشمەستىن دەرھال،
تىلىڭنى قىل ئۆزگە غەيۋەتتىن لال.

— پەرىدىددىن ئەتتار

بوشىمىسا تىلى غەيۋەتتىن،
بوشىمايدۇ دىل ئۇقۇبەتتىن.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ساڭا سىر دەپ ئېيتسا، ئىشەنمە ھەر دەم،
ساڭا ئېيتقانىنى ئېيتار باشقىلارغا ھەم.

— سەئدىي شېرازىي

تىلغا بېرەلمىسە كىم ھۆكۈم - بۇيرۇق،
ئۆلتۈرسۇن ھاڭۋېقىپ، بۇلۇڭدا مۇڭلۇق.

— سەئدىي شېرازىي

بىرسىگە سىر ئېيتىپ ساقلا دېگەندىن،
سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان ماقۇل.
ئېرىق تېشىپ كەتسە باغلاپ بولمايدۇ،
سۇنى ئەڭ بېشىدىن باغلىغان ماقۇل.
ئېيتمايدىغان سۆزنى ئېيتقىلى بولماس،
ھەر مەجلىستە ئېيتىپ تانغىلى بولماس.

— مەئدىي شېرازىي

دوست بىلەن سۆزلەشسەڭمۇ بولغىن ئېھتىيات،
دۈشمەن قولىغا يەتمىسۇن بىراق.
تام ئىچىدە ھەرنە دېسەڭ ھوشيار بول،
تامنىڭ ئارقىسىدا بولمىسۇن قۇلاق.

— سەئدىي شېرازىي

دەردىڭنى ياۋغا ئېيتما سىرداش بولۇپ،
ئۇ «لاھەۋل» ئوقىدۇ شادلىقتا تولۇپ.

— سەئدىي شېرازىي

سۆزدىن پۇشايمان كۆردى كۆپ ئىنسان،
جىم ئولتۇرۇپ كىم قىپتۇ پۇشايمان؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يېپىق، ئوچۇق سىر ھەققىدە ئاقىللار،
ئېيتىشىپتۇ كۆپ ئاجايىپ نەقىللەر:
بىرى — ياراغ، چىقمىغان قىن - غىلاپتىن،
ئىككىنچىسى — ئوقتۇر چىققان كاماندىن.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## نەسىھەتنىڭ پايدىسى

دانالار سۆزىنى ئەستە تۇتمىساڭ،
ئەگ نادان سەندۇرسەن، ئۇققىن ئۇقمىساڭ.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئاتىلار نەسىھىتىنى كىم قىلسا ياد،
چەرخى پەلەك قىلار ھاياتىنى ئاباد.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

سۆزگە لەۋ تەۋرەتسە ئەقىللىق ئىنسان،
خوپ ئويلاپ، قۇلاققا قويۇپ ئال شۇ ئان.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

پەندۇ نەسىھەتتىن كىم ئۆرۈدى يۈز،
زەخمىتى مىڭ بولار پۇشايمانى يۈز.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئاڭلا ئاچچىق مەسلىھەت بەرسە دوست كىشىڭ،
ئاخىرى لەززەتلىك بولىدۇ ئىشىڭ.

— ناسىر خىسراۋ

بىغەرەز مەسلىھەت مىسالى قەنتتۇر،
غەرەزلىك مەسلىھەت ئاياغقا بەنددۇر.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

كىمنىڭ ئىشى ئەگەر بولسا ئىبرەت،
سۆزىنى ئۆزگىمۇ قايتۇرماس ئەلۋەت.

— پەرىدىددىن ئەتتار

گۆڭلىگە سۆز ياقسا، قۇلىقىغا پەند،
پەقەت شۇ ئادەمنى دېگىن خىرارمەند①.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ۋىسىن باشتىن - ئاياغ گەر لالەزاردۇر،
ھالىڭا ياغ يۇرمە، تىكىنى باردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

---

① ئەقىللىق، دانا.

ئۆز سايىسىدىن قورقىدىكەن ھامان،
شۇ كىشى ئوغرىدىن تاپىدۇ ئامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كۆرۈپ تەقدىر ئىشىدىن قىل بىلىم پەيدا،
ياسايدۇ ئۇ قەترە سۇدىن ئەزىم دەريا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىر - بىرىدىن پەرق قىلار ئەسلى ئادەم،
ھەممە بىلىۋەرمەس ھەر نەرسىنى ھەم.

— ئابدۇراخمان جامىي

نادانغا رەھبەرلىك قىلسا گەر دانا،
ئىلمىدىن ئىشلارمۇ بولىدۇ ئەلا.
دانا سۆھبىتىدىن باش تارتسا نادان،
دەۋراندىن ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان...

— ئابدۇراخمان جامىي

چىرايلىق سۆزۈڭگە بولما مەھلىيا،
سۆزۈڭدەك ئىشىڭنى بىزەت ئاۋۋالا.
نەسىھەتچى ئىشى بولغاندا مۇردار،
ئۇنىڭ نەسىھىتى تاپماس ئېتىبار.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۆتكەنلەر ئىبرەتلىك سۆزىنى ياد ئەت،
ئۆتكەنلەر يادىدىن دىلىڭنى شاد ئەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر بىر يامان ئىشتىن ساقلا ئۆزۈڭنى،
ياخشىلار ئىشىدىن ئۈزمە كۆزۈڭنى.

— ئابدۇراخمان جامىي

چۈشەندىمكى، ئەلگە بولساڭمۇ پادىشاھ،
قىلىۋەرمە كۆڭلۈڭگە كەلگەننى ئەسلا.

— ئابدۇراخمان جامىي

نەسىھەت سۆز ئاڭلىغاندا بۇ ياقتىن،
چىقارما بى ئەقىلدەك ئۇ قۇلاقتىن.
بەجا قىل پەندۇ ھېكمەتنى دىلىڭغا،
قوشۇلغاي شۇندا ناداىلىق تىلىڭغا.
مەسەل بار ھەممىگە ماقۇل نىھايەت،
ئەقلى بارغا بىر سۆز كۇپايە پەقەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەي يىگىت دۈشمەنلىرىڭدىن يوشۇرۇن بولسا سىرىڭ،
ياخشى دوست - يارىڭغا ھەم سۆزلىمە، قالسۇن نىھان.

بۇ پەلەك كاج ئايلىنىپ دۇشمەنى دوست بولغىنىنى،
دوستى دۇشمەن بولغىنىنى كۆرگىنىم بار كۆپ زامان.

— ئابدۇراخمان جامي

دانالار لىۋىدىن تۆكۈلەر گۆھەر،
كۆكسىنى خەزىنە قىلسا كىم، ئەلا.
ھېكمەت خەزىنىسى دانالار دىلى،
ئۇندىن يىراق تۇتما ئۆزۈڭنى ئەسلا.

— ئابدۇراخمان جامي

## ئويلاپ ئىش قىلىش

قولۇڭ ئۇزات، ئەندازاڭغا ① قارا بىراق،
يوتقىنىڭغا قاراپ ئۇزاتقىن ئاياغ.

— ئەبۇ شۈكۈر بەلخى

ئالدىراقسانلىق، يامانلىق — ئەھرەمەن② ئىشى،
بۇ ئىشتىن ئاخىرى پۇشايمان كىشى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بىرەلمەيدۇ ئالدىراش ئىشىڭغا راۋاج،
يىلان چىققاي ئىندىن تېپىلسا ئىلاج.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

---

① قېلىپ، شەكىل، مودېل.
② دىۋە.

www.uyghurkitap.com

بىلمىگەن ئىشىڭغا ئالدىرىما كۆپ،
باشتىن - ئاخىرىغىچە ئويلاپ كۆرگەن خوپ.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قانداقلىكى بىرەر ئىشنى ئىشلەشتە،
ئاخىرىنى ئويلاپ كۆر، قالما تەشۋىشتە.

— ناسىر خىسراۋ

كىرىشمەكچى بولساڭ بىرەر ئىشقا شۇ دەم،
چىقىش يولىنى كۆزلەپ، ئاندىن باس قەدەم.

— ناسىر خىسراۋ

ئاچچىقتۇر سەۋرە قىل دىگەن پەند،
ئەمما سەۋرە قىلالىساڭ بولار قەنت.

— ناسىر خىسراۋ

ئەيىبلىمە بىراۋنى ئويلىنىپ كۆرمەي،
ئۆز ئەيىبىڭنى، دوستۇم، ياخشىراق بىلمەي.

— ناسىر خىسراۋ

كىمىندىكى، بار بولسا بىر بۇردا نانى،
ئۆزىگە ياردىشا ئۆي - ئاشيانى.

يا بىرسى ئاتا قۇل، يا ئۇ بىرسىگە،
ئېيت، شاد ياشاۋەرسۇن خۇشدۇر زامانى.

— ئۆمەر ھەييام

بىر سۆگەككە سادەك قانائەت قىلغان،
ئەۋزەلدۇر ناكەسكە بولغاندىن مېھمان.
ناكەسنىڭ ئۇخشىغان نېنىدىن ياخشى،
مەيلى كىمدىدۇر بولسا بۇردا نان.

— ئۆمەر ھەييام

ئوغلۇم، تېتىمىغىن بېخىل نانىدىن،
يىراق بول بېخىلنىڭ دەستۇرخانىدىن.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ھەر كىمكى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزاتسا ئاياغ،
بېشىنى بەلگە، تېنىنى باشقا تاپشۇرار شۇ چاغ.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ھەر كېچە كەينىدىن نۇرى زىيا بار،
ھەر چىدام كەينىدىن زەۋقى سەپا بار.

— نىزامىي گەنجەۋى

سەۋرە قىلغان بوشار پەندىن ئاخىر،
پەندلەرنىڭ ئاچقۇچى سەۋردۇر، سەۋر.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئالدىن ئويلىغان،
ئاخىرى شەرمەندە بولماس ھېچقاچان.

— جالالىدىن رومىي

ھەر سەۋرنىڭ ئاخىرى زەپەر،
ھەر ئاچچىقنىڭ كەينىدە شېكەر.

— جالالىدىن رومىي

ھەددىدىن ئاشمىسۇن ئارزۇنىڭ كۆپى،
تاغنى كۆتۈرەلمەس بىر سامان چۆپى.
— جالالىدىن رومىي

توغرا، سەۋر ئاچچىق، لېكىن ئاقىۋەت،
تاتلىق مېۋە بېرەر ھەم كۆپ مەنپەئەت.

— جالالىدىن رومىي

لوقمان ئىختىيارىي سەۋردۇر پەقەت،
كىمدەكىم سەۋرى يوق، ئۇندا يوق ھېكمەت.

— سەئدىي شىرازىي

قانائەت كىشىنى قۇدرەتلىك قىلار.

— سەئدىي شىرازىي

قانائەت ياخشىدۇر كىچە - كۈندۈزى،
قانائەت قىلغاننىڭ يورۇق يۈلتۈزى.

— سەئدىي شىرازىي

بىنا ئۇل - تەكتىدىن باشلاپ ۋەيراندۇر،
ئىگىسىنىڭ غېمى نەقەدەر ئەيۋاندۇر.
ئۆلۈم تەلۋىسىدە چال ئىگرار ئىبغىر،
سەندەل قىرىپ دورا تەييارلار كەمپىر.

— سەئدىي شىرازىي

كىرىمىڭ بولمىسا، چىقىمنى توختات،
كېمىچىلەر مۇنداق بىر قوشاق ئېيتار:
«ئەگەر تاغقا يامغۇر يېغىپ تۇرمىسا،
بىر يىلدا كۆنمۇ قۇپقۇرۇق قالار».

— سەئدىي شىرازىي

قىيىن ئىشقا كۆپنى كۆرگەن ئادەمنى ئەۋەت،
تاشلالىسۇن قۇترىغان شىر بوينىغا ئارقان.
تەجرىبىسىز ياش بولسىمۇ قۇدرەتلىك، بىراق،

جىددىي جەگدە قورققىنىدىن چىقىپ كېتەر جان.
جەگدە پېشقان جەڭ يولىنى بىلىدۇ ئېنىق،
دانا كىشى قانۇنلارنى بىلگەندەك ئاسان.

— سەئدىي شېرازىي

ئاڭلىدىم، مەشرىقتە بىر تال چىنىنىڭ،
قىرىق كۈندە پۈتىدىكەن گۈل نەقىشى.
مەرداشتە ① ياسايدۇ كۈندە يۈز دانا،
قىممىتىنى ئۆزۈڭ بىلسەڭ ياخشى.

— سەئدىي شېرازىي

تۇخۇمدىن چىقىپلا ئىزدەيدۇ رىزىق قۇشنىڭ بالىسى،
ئادەمنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندا بىئەقىل ۋە دىتسىز.
ئۇ بىردىن ئەقىللىق كۆرۈنگەن بىلەن تاپىمىدى كامال،
بۇ بولسا پازىلدا ھەممىسىنى چۆكتۈرەلىدى تېز.

— سەئدىي شېرازىي

ھەر جايدا تېپىلار ئەينەك سۇنۇقى، شۇڭا قەدىرسىز،
لەئلىنىچۇ، قولغا كىرگۈزمەك مۇشكۈل، شۇڭا ئۇ ئەزىز.

— سەئدىي شېرازىي

---

① شەھەر نامى.

چۆلدە ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆرگەنمەن،
يولدا قالار ئالدىراڭغۇ ئادەم.
شامالدەك سامانلار چىچىپ هاريدۇ،
ساربان ① بىر ئۆلچەمدە تاشلايدۇ قەدەم.

— سەئدىي شىرازىي

تىرىك جاننى ئىلىش ئاسان بولار هەل،
ئۆلۈك تىرىلمەيدۇ قايتا هىچ مەهەل.
مەرگەن سەۋر قىلسا، ئەقىلدىن نىشان،
كامانغا قايتمايدۇ ئۇچقان ئوق هىچ ئان.

— سەئدىي شىرازىي

قانائەتنى قولغا كىرگۈزسەڭ، ئەي دىل،
ئارام دۇنياسىدا ئۆزۈڭنى سەرۋەر بىل.

— سەئدىي شىرازىي

كۆنلەرنىڭ جەبرىدىن كۆپ بولما دىققەت،
سەۋر ئۆزى ئاچچىق، مىۋىسى لەززەت.

— سەئدىي شىرازىي

---

① قۇشنىڭ نامى.

قانچە ئىش بىلەرمەن بولساڭمۇ بىراق،
تېپىلار سەندىنمۇ ئىش بىلەرمەنراق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىمنىڭ ئەقلى بولسا جانى - جانىدىن،
ئارزۇلەرى چىقماس ئۆز ئىمكانىدىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تەك شاراب بېرىدۇ غورىدىن كېيىن،
نوتا گۇل ئاچىدۇ غۇنچىدىن كېيىن.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بايلىق ئىزدەپ كان قازساڭ ئەگەر،
ئاۋۋال تاش - قۇم چىقار ئارقىدىن زەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كۇلال ياتار جايى بولسا ئۇچۇق يەر،
تام تېشەرلەردىن قانداقچە غەم يەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يەر ھەيدەپ، سۇ تۇتۇپ، خام ئۇرەن تەرمە،
پۇشايماندىن خامان ئۇسمەس يەنە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىم ھەرە نەشتىرىگە قىلماس تاقەت،
ھەسەلنى كۆرىدۇ يىراقتىن پەقەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۆتۈپ كەتكەن يىلىگىدىن تاپچۇ بىر كۈن،
بۈگۈن قايتىپ كېلەمدۇ كېچىكى كۈن؟

— خوسراۋ دېھلەۋىي

جىمى جانلىققا جانبەخش خۇش ھاۋا،
بېلىق ھاياتىغا بولىدۇ بالا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

چىداش ياخشى سەپرا ئۆرلىگەن ئان،
سەپرانى تاشقىرى چىقارماق يامان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

سەۋر ۋە زەپەر ئىككىسى قەدىناس دوست ھەمدە يار،
سەۋر بىلەن كەلگۈسى زەپەر نۆۋىتى ھەم بار.

— ھاپىز شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ئېھتىياجسىز ئىشق قىلىپ ئىشتىياق،
ئۇنچىلىك ئويلىما ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
ھەر ئىشكى بولمىسا ئاڭا زۆرۈرىيەت،
يىراقراق بولغىنىڭ ياخشىدۇر غايەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

قارا ئىمقابىنى تۈن تارتقان چېغى،
مەست ئۇيقۇسىغا كەتمەستىن تېخى،
بىر دەقىقە ئەقلىڭ چىرىغىنى ياق،
نۇرىدا كۈندۈزكى ئىشلىرىڭغا باق...

— ئابدۇراخمان جامىي

ھەر كىم ئۆز ئىشىنى ۋاقتىدىن ئاۋۋال
تېزلىتەر بولسا ئۇ بەك ئالدىراڭغۇ.
يا كۈن پاتماي ئاچىدۇ روزىسىنى،
ياكى سۈنى كۆرمەي ئاياغ يېشىدۇ.

— ئابدۇراخمان جامىي

سائادەت چىدامغا ياردۇر ھەر قاچان،
سەۋرسىزلىكتىنچۇ، بولار ئىش يامان.
خام مېۋىدىن لەززەت ئىزدىگەن خامدۇر،
ئۇنىدىن پۇختا ئەمەس، خام سۆز ئىنئامدۇر.

— بەدرىددىن ھىلالى

پەس كىشىگە ياردەم بەرمە، ئەرزىمەس،
تەربىيىگە لايىق ئەمەستۇر ناكەس.
پەقەت ئاداۋەتكە خىزمەت قىلسا تىغ،
قىلما ئاڭا پەدەز بېرىشنى ھەۋەس.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىمكى ناكەسلەرگە باش ئېگىدۇ،
ھەتتا نامەرد ئارا مات بولىدۇ.
گەر شىر كۈچۈككە بويسۇنىدىكەن،
مۈشۈكتىن پەسكە ھەمدەم بولىدۇ.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئېشىنى ئالغا سۈرمەكچى بولسا يولداش،
تەرتىپكە سالغۇسى سەۋر بىلەن بەرداش.
بىنا قۇرۇش پىكرى قوزغىلىدىكەن،
مېمار قەلبىنى باسار دەسلەپكى زىل تاش.

— ئابدۇقادىر بېدىل

# يامان ئادەت، يامانلىق

پىتنە ئوتلىرىنى شۇنداق يېقىپسەن،
قاپقارا يۈز بىلەن ئەلگە بېقىپسەن.

— ئەبۇ مەنسۇر دەقىقى

دىلىڭغا پۈكمىگىن ئەسلا يامانلىق،
غەمدىن قاچ، تىلىگىن شادلىق - ئامانلىق.

— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسى

چىقىشالماس ئۆزئارا مېھىر بىلەن ئۆچمەنلىك.

— پەخرىددىن گۇرگانى

بىرلىمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار،
ھەسەتتە يا چەك يوق، يا مىقدار.

— ناسىر خىسراۋ

ئەپلەشتۈرگۈچى يالغان پىتنە،
راستتىن ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

ئەسكىگە رەھىم قىلىپ، ئەركىلەتسەڭ ناگىھان،
مەملىكەتنىڭ ئىچرە ئۇ جىنايەت قىلار يامان.

— سەئدىي شىرازىي

ئىككى كىشى ئاداۋىتىنى ئوت دېسەڭ گەر،
ئوتۇن توشۇپ تۇرغۇچىدۇر بەتبەخت ئىغۋاگەر.
قايتىدىن ئەپ بولۇشقىنىدا بۇ ئىككى دىل،
ئۇ بەختى قارا بولىدۇ، شەرمەندە، خىجىل.
كىم باشقىلار ئارىسىغا ياقسا ئەگەر ئوت،
ئەقىلسىزدۇر، پەقەت ئۆزى كۆيەر كۆل بولۇپ.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇچسا ئاسمانغا بالادىن بەتپېئىل ئادەم قېچىپ،
قۇتۇلالماس يەنىلا، ئۆز پەيلى ئىلكىدە قېلىپ.

— سەئدىي شىرازىي

ئىشەنمە ئەدداۋ سۆزمەنگە زىنھار،
زەررىچە ئەپ ئۆچۈن سېنى ماختار.

— سەئدىي شىرازىي

دىل ئازارچىدىن بەتبەختراق كىم بار؟
مۇسىبەتتە قالسا كىم بولىدۇ يار؟

— سەئدىي شىرازىي

پەرىشتە ئولتۇرسا دىۋە بىلەن گەر،
ئۆگىنەر ۋەھشىلىك، نەيرەڭ، خىيانەت.
ياماندىن ياخشىلىق ئۆگىنىپ بولماس،
بۆرە جۇۋىچىلىقنى قىلامدۇ ئادەت؟
چىبدىردا بىر گۈزەل تۇرغاندەك مانا،
ئېچىپ باقساڭ ئۇندا قېرى بىر ئانا.

— سەئدىي شىرازىي

ئادەمنىڭ ئۈستىگە قاراپ بىر كۈندە،
ئىلمى، دەرىجىسىنى بىلگىلى بولار.
ۋە لېكىن دىلىدىن بولما خاتىرجەم،
يىللار ئۆتۈپ، بىر كۈن ئاشكارا قىلار.

— سەئدىي شىرازىي

قولى قىسقا ھەسەتچى قىلار غەيۋەت، يوق ئامال،
چۈنكى كەلسە روپىرو، تىلى بولار كالۋا ـ لال.

— سەئدىي شىرازىي

ئۆلىما، ئىشانلاردىن دىل ئازار كەلسە،
ياۋاش ئەسكەر ياخشى ئۇندىن يۈز ھەسسە.

— سەئدىي شىرازىي

بى مۇرۇۋۋەت①، ھەرنگە سەن ئېيتقىن:
«ھەسەل بەرمىسەڭمۇ، نەشتەر سانجىما!»

— سەئدىي شىرازىي

تاش بىلەن يۈز قېتىم ئۇرساڭمۇ كېيىن،
ئىت بەرگەن ئېشىڭنى ئۇنتۇماس ئەسلا.
پەسلەرنى بىر ئۆمۈر ئەتىۋارلىساڭمۇ،
سەل قاتتىق سۆزلىسەڭ، باشلايدۇ ماجىرا.

— سەئدىي شىرازىي

مېنىڭ پېئىلىم گەر يارىماس بولسا،
سەن ئۆز پېئىلىڭنى قودىن چىقارما!

— سەئدىي شىرازىي

---

① رەھىمسىز، ئادەمگەرچىلىكى يوق.

سالما ئاجىزلار دىلىغا ئەلەم،
زورلارنىڭ جەبرىگە قالمىغىن سەن ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

شىرىن ئېغىز، شىرىن لەۋدىن چىققۇسى ئاۋاز،
كۈيلىسۇن يا كۈيلىمىسۇن، بولار دىلناۋاز.
يامان كۈيچى تىلىدىچۇ، ھەممىسى يامان —
«ئۇشاق» بولسۇن، «خوراسانى» ۋە ياكى «ھىجاز!»

— سەئدىي شىرازىي

ئەيىب ئىزدەش بولىدىكەن تەبىئىي پەس،
ئۇ تاۋۇس ئايىغىدىن باشقىنى كۆرمەس.

— سەئدىي شىرازىي

خۇشناۋا، خۇش نەپەس، دىلكەش بىر بۇلبۇل،
ئىككى يۈز قارغىدىن ئەلا، دەر كۆڭۈل.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

زوق - شوق بىلەن يېزىلغان يېرىم ۋاراق،
زوقسىز يۈز كىتابتىن يەنە ياخشىراق.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دەپتەردە ئوبدان شېئىر تارتمايدىكەن سەپ،
ئۇ دۇردانىدىن خالى پۇچەك سەدەپ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئىشىڭدا مۇرادىڭغا يېتىسەن، بىل، ئەي ئادەم،
ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئىنتىلىۋەر دەممۇ دەم.

— خوسراۋ دېھلەۋى

شىجائەتتە ئىلىمگە كىم ئاتىدى بېشىنى،
شامال بىلەن پىرقىرىتار ھەتتا تۇگمەن تېشىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

كۆڭلى خۇش نەدىن بىلسۇن ھەسرەتنى،
دەرد تارتىپ كۆرمىگەن بىلمەيدۇ دەردىنى.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۆرە قويغا خىرىس قىلغان شۇ ئان،
قويىنىڭ نەپرىتىنى ئويلىماس ھامان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

بۆرىگە قىزغىنلىق دەرسى نە ھاجەت،
ئۆتكۈر تىرناقلىرى قىلار كۇپايە.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ياماں گـەدىنگە ئارت ياماںلىقتىن يۈك،
تۆمۈرنى تۆمۈر بىلەن يەنچە ۋە پۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋى

سەن ۋە بىز مېھمانمىز، دۇنيا دېگەن جاي،
دانالار نەزەرىدە بىر مېھمان ساراي.
ھاياسىز ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتقىن،
خەيرلىك ئىش بولسا ئىلدامراق چاپقىن.
ياخشى ئىشلىرىڭغا تولسۇن بۇ جاھان،
نامىڭ يەر يۈزىدە قالسۇن كۆپ زامان.
مەرد نامىنى ئالسا يۈز خىلدا ئادەم،
ياخشىلىق ياخشىدۇر ھەممىسىدىن ھەم.

— ئابدۇراخمان جامى

قىلار ئىشىڭ بولسۇن ياماندىن قېچىش،
پىكىر - زىكرىڭ بولسۇن ياخشىلىق چېچىش.
يامانلىق يولىدىن مۇتلەق ھەزەر قىل،
سېنى ھاڭغا تاشلار بۇنى ياخشى بىل.

— ئابدۇراخمان جامى

ساڭا كىم ھەممەت قولىنى سوزغان ئان،
ئۇنىڭ قەستىگە مۇشت قىلما نامايان.

ئالدايمەن دېمە ھەرگىز تۈلكىدەك،
كۆچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ھەرقانداق بىلەك.

— ئابدۇراخمان جامىي

باشقىلارغا ھەسەت ئەقىلدىن ئەمەس،
كەتمىگەيسەن ئەسلا ئەقىلدىن ئاجراپ.
خەلقتىن تاما، ھەسەت ـ ئەلەم ئاساسى،
قول ئۈزگىن، ئەلىمىڭ بولماي بى ھېساب.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەگەردە ماختىساڭ، كۆككە كۆتۈرسەڭ،
ھامان ئۆز قەدرىنى بىلمەيدۇ نادان.
مەدھ ـ ماختاشقا كۆپ قىلما ئېتىبار،
ئېگىز ـ پەسنى ساناپ كۆرگەي سۇخەندان.؟

— ئابدۇراخمان جامىي

ياخشى ئەگەر قورقسا يامان ئادەمدىن،
جان ئەمەس، ئابروينى كۆزلەيدۇ ئۇ.
كۆل ئۇستىگە ئاياغ بېسىپ قالمىسلا،
ئاستىدا نوت بارىنى بىلمەيدۇ ئۇ.

— ئابدۇراخمان جامىي

پۈتۈن ئالەم سەرپ ئەتسەمۇ ئاڭا گەر ئەجرىنى، بىل،
مېۋە بەرمەس تەربىيە ھېچ، كىشى بولسا تاقابىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

جاھان بىر تاغ بولسا، پېئىلىڭدۇر سادا،
پېئىلىڭدىن ئۆزۈڭگە كېلىدۇ جازا.
پېئىل ـ ئېتىبارىڭ بىلەن تولغان تاغ ئارا،
پەقەت نىدايىڭدىن كېلەر ئەكس سادا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەگەر ئۆزى دەردتىن بولمىسا ئاگاھ،
بولالماس رەھبەر، يا پۇشتى پاناھ.
سۈيى تۇزلۇق بولسا باشتىن بۇلاقنىڭ،
چاڭقىشى بېسىلماس ھېچبىر تەشنانىڭ.
كىم تۈزىمەك بولسا جاھان خەلقىنى،
ئاۋۋال تۈزەتسۇن ئۇ ئۆز خۇلقىنى.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىراۋنىڭ ئەيىبىنى تۈزەتمەك بولغان،
ئۆزىنى ئەيىبتىن ساق تۇتسۇن ھەر ئان.
ئەگەر ناپاك بولسا ئېرىقتىكى سۇ،
كىيىم تازا بولماس قايتا قانچە يۇ.

— ئابدۇراخمان جامىي

يامان خۇلق يىگىنغا ياندىشما زىنھار،
يامان خۇلقنىڭ ئاسان يۇقۇش خەۋپى بار.
يامانلىق تولدۇرار بارلىقىڭ ناگاھ،
ياخشىلىق كېتمدۇ قىلماستىن ئاگاھ.

— ئابدۇراخمان جامىي

قارىغۇ قولىدا كۆتۈرسە چىراغ،
چىرىغىدىن يورۇق بولار ھەممە ياق.
ئۆزگىلەر يولىنى يورۇتار قولى،
ئەمما بىبەھرىدۇر ئۇنىڭ ئۆز يولى.

— ئابدۇراخمان جامىي

خۇلقى يامانلارغا بەرمە زەر، قۇدرەت،
يامانلىقلىرىغا بەرمە كۈچ - قۇۋۋەت.
ياخشىلىق بىلمىگەن كىشىگە بىسيار،
زايە قىلمىغىن ئىنئامىڭ زىنھار.

— ئابدۇراخمان جامىي

ناكەس تەلىمىگە ئاچما لېۋىڭنى،
ناكەس قوپۇل قىلماس، ئەدەب - ئىلمىڭنى.
بىلىم بىلەن دىلى بولماس ئۇنىڭ نۇرلۇق،
ئىت ئىپلاسراق بولار سۇ تەگكەن ھامان.

— ئابدۇراخمان جامىي

بۇ قەددىم ئورماندا بولما مۇناپىق،
سۆزلە شىر، يولۋاسمۇ شۇڭا مۇۋاپىق.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىردەك قىل دائىما ئىچ ۋە تېشىڭنى،
توغرا بول، قىڭغىرلىق ئىگەر بېشىڭنى.
ئىچىڭنى بېزەتكىن سىرتىڭغا ئوخشاش،
يا تېشىڭ رەڭگىنى قىل ئىچىڭ كەبى.

— ئابدۇراخمان جامىي

بۇرادەر غەيۋەتكە بېرىلمە ئەسلا،
غەيۋەتچىنىڭ يۈزى قارادۇر، قارا.

— كامالىددىن بىنايى

ئىچىڭگە چۈشۈرمە ھەسەتتىن ئوچقۇن،
ھەسەت ئوتى كۆيدۈرەر ئادەمنى پۈتۈن.
ھەسەت ئوتى چۈشسە خانە دانىڭغا،
ئوت كەتكەي مال ۋە جان، خانۇ مانىڭغا.

— كامالىددىن بىنايى

ھەسەت ھەممە خىسلەت، نۇقساندىن يامان،
ھەسەت ئەھلى ھەممە ياماندىن يامان.

— كامالىددىن بىنايى

ئاداۋەت ئېتەككە تۇتاشمىسۇن، ياق!
جاھانغا ئوت قويار مىسالى چاقماق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئويلىما ھەسەتنى دەپ ئاجىز، يېنىك،
خەنجەردەك قانخور ئۇ. خەنجەردەك ئىتتىك.١

— ئابدۇقادىر بېدىل

دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا،
دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا.
تورۇسقا سەن ئېسىپ كۆر ئاپئاق پاختىنى،
شامنىڭ جىمى ئىسى چاپلىشار ئاڭا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دىتسىز بولمىدۇ دەردى يوق ئادەم،
ئۇنىڭدا يوقتۇر ئۆلۈمدىن باشقا غەم.
چاچ ۋە تىرناقلارغا قاراپ ئىبرەت ئال:
قان يوق جايدا يوقتۇر ھېس ھەم، تۇيغۇ ھەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەرتىۋىنىڭ جانغا بولسا ئارامى،
ھەر تەبىئەتنىڭ بار ئىبرەت زىياسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هوشيار بول، ئاچكۆزلەر تەبىئىتىدە،
باردۇر كۆز بايقىماس سەددات بىناسى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقسا پەس كىشى،
پەلەك ئەقىل بەرمەس، پەستلىك قىلمىشى.
ئاياغتا قاپارتقۇ ئۇلارنىڭ كاللىسى،
بۇرتۇپ چىقسا يىرىك يىغماقتۇر ئىشى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۇياتقۇ، قەلبىڭدىن كەلمىسە دەۋا.
بېشىڭدىن چىقمىسا غودۇر ۋە سەۋدا.
غەم تۈپىنى شامال قوزغىتالماس،
ھايا ئەھلى بولماس ئەمەلگە شەيدا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىبسىل - پەسلەر ئوشۇلۇپ قالسا ئەگەر،
پەس تەبىئىتى غالىب كېلەر ھەر سەپەر.
تىنىق سۇ تىندۇرۇلماس لاي سۇنى ھېچ،
لاي سۇ تىنىق سۇنى دەرھال لاي قىلار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بەكلى تۈزەتمەكچى بولسىمۇ شاللاق،
مەكرۇھلۇقى تامام يوقالماس بىراق.
غۇسۇل، تاھارەتتىن ئاگا نە پەيدا،
ئىت ھۆل بولسا بولار يەنە ئىپلاسراق.

— ئابدۇقادىر بىدىل

گەر كىمدە سەت قىلىق بولسا نامايان،
بىلىملىك بولسىمۇ نەپرەتكە نىشان.
ئالەمنى زەبىت قىلار گۈزەللىك، بىلسەڭ،
ئەخلاقىي ھۆسنىدۇر، شۇنى دە ھەرئان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

كىم بولسا ھەسەتچى، يۈرىكى قارا،
كۆرمەس ياخشىلارغا ياخشىلىق راۋا.
ھۇما ھالىنى تەڭ قىلىش قەستىدە،
قارغا ئۇستىخاننى كۆمەر خاك ئارا.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئاداۋەت مېۋىسى پىتنىدۇر ھەر چاغ،
ئاقىللاردىن چىقسا يەنە يامانراق.
تۈتۈنى شۇنچىلىك قارا بولىدۇ،
قانچىلىك روشەنرەك يانسا شام - چىراغ.

— ئابدۇقادىر بىدىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاداۋەت ئۇچقۇنى، بىل، يالقۇن - ئوتتۇر،
ئاڭا تاشلىق ۋە تاغ بىر پاختازاردۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئاداۋەت چىرىغىنى يېقىش ناراۋا،
كۆيدۈرۈشتىن ئۆزگە ئىشى يوق ئەسلا!

— ئابدۇقادىر بېدىل

## سايابەتنىڭ پايدىسى

يىگىتتە بولسىمۇ ئەقىل گۆھىرى،
تەجرىبىسىز جۇلالانماس ھۈنىرى.
تېتىپ كۆرۈش كېرەك ياخشى - يامانىنى،
ھاياتنىڭ شېرىن، ئاچچىق ناردانىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

ئەقىللىق بولىدۇ جاھانكەشى خوپ،
ئۇ سوغۇق - ئىسسىقنى تېتىپ كۆرەر كۆپ.

— سەئدى شىرازى

كېچىسى يول ماڭمىساڭ، بەل،
كۈندۈز باسالمايسەن مەنزىل.

— سەئدى شىرازى

كۆپ يىراق ئەللەرگە قىلدىم سايابەت،
تۈرلۈك ئادەم بىلەن بولدۇم ھەمتاۋاق.

ھەر بۇلۇڭدىن تاپتىم بىر چىشلەم نان،
ھەر خاماندىن ئالدىم بىر - بىردىن باشاق.

— سەئدىي شىرازىي

تار ئۆتۈكتىن ياخشىدۇر يول يۈرگىلى يالىڭاياق،
مۇساپىرلىق ئەلادۇر جەڭ بولسا ئۆيدە ھەممە ۋاق.

— سەئدىي شىرازىي

باشاق تەرگىن يۈرۈپ سەئدىيدەك ھامان،
يىغارسەن پۈتۈن مەربپەتتىن خامان.

— سەئدىي شىرازىي

دۇكان ۋە ئۆيۈڭدىن چىقالماي بىر ئان،
ئەي خام كاللا ھەرگىز بولمىدىڭ ئىنسان.
چىقىپ ئەمدى سەنمۇ كەزگىن جاھاننى،
بوشاپ قالماي تۇرۇپ سەندىن بۇ جاھان.

— سەئدىي شىرازىي

تا يىراققا سەپەر قىلماستىن ھامان،
يىقىنلار قەدرىنى بىلەلمەس ئىنسان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئۆز ئۆيى ئادەمگە زەنجىر ۋە كىشەن،
كىشى قەدرىنى ئاشۇرار سەپەر.
قىممىتىنى كىم بىلسۇن ئاجراتماستىن،
تاشلارغا ئارىلاش ياتقاندا گۆھەر.

— ئەدىپ سابىر تىرمەزىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەنمەنلىك

ھۈنەرىڭگە بولما كۆپ مەغرۇر،
ئايىغىڭدا مۇستەھكەمرەك تۇر.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىشىنى شۇنچىلىك كۆتۈرسەڭ گاھ،
تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە يول قالماس، ئەي ۋاھ.

— ئەسەددىي تۇسىي

مەجلىستە سېنى ئۇياق - بۇياقنى،
يوتقانغا قاراپ ئۇزات ئاياغنى.

— ناسىر خىسراۋ

كىمكى غادىيار مەنمەنلىك بىلەن،
دوستلىرى ئاخىر بولۇشار دۈشمەن.

— پەرىددىن ئەتتار

بىر كۈن چارىسىز يىقىلىشىڭنى بىلسەڭ،
بەك ئېگىزدە ئولتۇرما، پەسرەك ئولتۇر سەل.
ئاتتىن يىقىلىپ بوينۇڭ، بېلىڭ سۇنغاندىن،
پىيادە يۈرگىنىڭ ئەۋزەل، مىڭ ئەۋزەل.

— سەئدىي شېرازىي

بولسۇن قاتتىقلىقمۇ، يۇمشاقلىقمۇ ھەم،
تېۋىپ ھەم كېسىدۇ ھەم قويار مەلھەم.
دانا كىشى قاتتىق بولمايدۇ دائىم،
قەدرى تۆگەر بولسا ھامان مۇلايىم.
مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق قىلماس ئىختىيار.
ئەمما ئۆزىنىمۇ ھېچ ئەيلىمەس خار.

— سەئدىي شېرازىي

ھەددىدىن ئارتۇق لاۋۇلدىغان شام،
مۇمكىن خانىمانىڭ كۆيدۈرەر تامام.

— سەئدىي شېرازىي

مەنمەنلىك ۋە كىبىر يەنە قىلمىسۇن بېشىڭنى بەند،
بەلەند بولماق ئىزدىسەڭ، تۇتما ئۆزۈڭنى بەلەند.

— سەئدىي شېرازىي

نۇردىن كۆپ تاۋلىنىپ تۇرسىمۇ بىللۇر①،
دۇر ئۇرنىنى باسالماس چاچقاندىمۇ نۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاچلىقتىن قالمىسا چىدام ۋە تاقەت،
بەزەن ئارپا نانىمۇ بولار ناۋات - قەنت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەرقانداق جايدا زىيان - زەخمەت بار،
يېپەق ئىشكىلەرمۇ ئاچقۇچلارغا زار.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گەر قاناتىڭ بولمىسا،
ئېگىز ئۇچماق خەتەردۇر.

— رۆكنىددىن ئەۋھادىي

سۈمۈرگىن بىرنى كەمتەرلىك جامىدىن،
مەنمەنلىكنى، لاپ ئۇرۇشنى تاشلىغىن.

— ھاپىز شېرازىي

---

① كرىستال.

ياخشىلار تاماققا قۇربان بولمايدۇ،
ئۆز ئەقلىگە مەغرۇر — ئىنسان بولمايدۇ!

— ھاپىز شىرازىي

چىرايلىق سۆزۈڭگە بولما مەھلىيا،
سۆزۈڭدەك ئىشىڭنى بىزەت ئاۋۋالا.

— ئابدۇراخمان جامىي

تەكەببۇرلۇقنى يولاتمىغىن كۆڭۈلگە،
كەمتەرلىك قىلغىن ھەركىمگە ھەمىشە.
باشاق بېشىنى كۆتۈردى گىدىيىپ، باق:
بېشىنى ئۈزدى، چۈشۈردى يەرگە ئورغاق.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۆزىنى يەرگە باراۋەر قىلدى دان،
قۇشلار تېرىپ چىقاردى كۆككە شۇئان.
تەلەپ قىل، ئىززەتۇ ھۆرمەت تەلەپ قىل،
تۆۋەن تۇتساڭ بولار بېشىڭ ئېگىز، بىل.

— ئابدۇراخمان جامىي

كەمتەرلىكتىن لاپ ئۇرمىغىن، ئۇنى كۆرۈشتىن كۆرە،
قاراڭغۇ تۈن چۈمۈلىنىڭ ئىزىنى كۆرمەك ئاسانراق.
مەغرۇرغا تام سوقتۇرۇشتىن ئاسانراقتۇر، شۈبھىسىز،
يىڭنە بىلەن تاغنى قېزىپ ئاستىن - ئۈستۈن تۇرغۇزماق.

— ئابدۇراخمان جامىي

بايلىقتىن كېرىلمە مىسالى نادان،
چۈنكى ئۇ ئۆتكۈنچى بۇلۇتتۇر چەندان.
ئۆتكۈنچى بۇلۇتتا جەۋھەر بولسىمۇ،
ئەقىل ئىشەنچ قىلماس ئاڭا ھېچقاچان.

— ئابدۇراخمان جامى

ئېگىز بېشىڭ مەغرۇر بولدى — بولدى پەس
كەمتەرلىكتىن زەئىپ بولغاي زەبەردەس.

— بەدرىددىن ھىلالى

ئۇيات، ئەي گىمدەيگەن، غۇرۇر - لاپىڭدىن،
شولا چىقماي، سامان سېسار گېپىڭدىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەپۇ قىل خەلقتىن كەلسە ياخشى ۋە يامان،
ئاداۋەتتىن قېچىپ، راھەت قىل ئىنسان.
كىبىر، ھەسەت بەرمەس كىشىگە ئارام،
ئادەمنى مەنسىتمەي قوغلاندى شەيتان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەنسەپ، ھەشەم ئەمەس، ئازابتۇر ئاندا،
ئېيت، نېمە ساپلىقتا ھېسابتۇر بۇندا؟

ئېشەك، ئۆكۈز تېگىنى تازىلىسۇن،
مەنسەپتىن كۆزەتچىلىك ساۋابتۇر بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بېدىل، ئۆزۈمنى ئەسلا داغلاپ كۆرمىدىم،
كامالەتكە يەتتىم دەپ لاپ ئۇرمىدىم.
يۈز شۈكۈركى، ئەدەب ئىقبالى كۈلۈپ،
ھېچكىمدىن ئارتۇق مەن دەپمۇ يۈرمىدىم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئالەم خاراب - زىمىستان، بۇ زۇلمەتتە ھەر ئادەم،
غۇرۇرى شولىسىدا كۆيىدۇ مىسالى شام.
بەش كۈندىن كېيىن تەلەتى سابا نۇرىنى چاچالماس،
تۈندىكى يالتىراق قۇرت بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى ھەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىلىم كۆز - كۆز قىلماسلىق كامالى ئۆزگە،
لەۋ ئاچماستىن سۆزلىمەك ماقالى ئۆزگە.
ياسانچۇقلۇق، كىبىر ۋە ناز ئالەمدە،
ئەينەك تۇتماسلىق جامالى ئۆزگە.

— ئابدۇقادىر بېدىل

تەبىئەتتىن غۇرۇر كۆتۈرسە گەر باش،
ساپ دىلغىمۇ بولغاي نادامەت يولداش.
غۇرۇر ئاپتىدىن قىيىن قالماق ساق،
ئاۋۋىلى، ئۆزىنى كۆيدۈرەر بىراق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئىشەك كىرىلىدۇ — توقۇمى زەردىن،
بولمىسا نە ئەدەپ بار ئۇندا، نەدىن؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۆزگىرىشچان ئالەم، كۆپ نەيرىگى بار،
شەۋكىتىگىدىن بىلمە بەختىڭ مەڭگۈ يار.
بۇندا پەس ۋە ئېگىز تاپاۋىتى يوق،
ئاياغ ئاستىدىن چىقىپ چاڭ باشقا قونار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىبىرلىكى بولمىغان تەلەپ ئەت پەيزو خال،
ئۇۋۇسىدىن ھەرىلەرنى قوغلاپ، ئاندىن ئىستە بال.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## تاماق يېيىش قائىدىسى

يېيىش لازىم ياشىماق، سۆزلىمەككە،
سەن ئويلايسەن، ھايات كېرەك يېمەككە.

— سەئدىي شېرازىي

ئادەم ئاز يېيىشنى ئادەت قىلسىلا،
باشقا ئاچلىق چۈشسە چىداش بېرىدۇ.
پاراۋانلىق ئىچىدە كۆپكە ئۆگەنگەن،
تەڭلىكتە قالغاندا ئاچتىن ئۆلىدۇ.

— سەئدىي شېرازىي

كۆپ يېمە ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن،
ئاچ يۈرمە، ئاجىزلىق جاندىن ئۆتمىسۇن.
تاماقتىن بەدەنگە كېلىدۇ لەززەت،
ئەمما ئارتۇقچىسى كەلتۈرەر زەخمەت.
كۆپ يېسەڭ ئەگەر زىياندۇر گۆلقەنت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لايىقىدا يېسەڭ، ئاندۇر گۈلقەنت.
مەيدە كۆپۈپ كېتىپ، ئاغرىسا قورساق،
شىپا بولماس دورا - دەرمانلار بىراق.

— سەئدىي شىرازىي

ئاچچىق قوغۇن ئۈبلىپ يېسەڭ خۇش تەبىئەت كىشىدىن،
تاتلىق قىلغۇر بەد پىئىلنىڭ شېكىرى. كىشمىشىدىن.

— سەئدىي شىرازىي

قۇرۇق قۇم قالىمغان چۆل - باياۋاندا،
تەشنانىڭ ئاغزىدا سەدەپ ياكى دۇر؛
ئاچلىقتىن يىقىلغان كىشى بىلىدە،
ساپالمۇ ياكى ئالتۇن تامام بىردەكتۇر.

— سەئدىي شىرازىي

يانچۇقى لىق تىللا تولغان بولسا ھەم،
ئاچ كىشى سەھرادا باسالماس قەدەم.
ئاچ بىچارىگە — باياۋاندا قالغان،
قايناتقان ئاش، چامغۇر كۈمۈشتىن ئوبدان.

— سەئدىي شىرازىي

قەرەلىدە تاماق يېگەن پەرىشتە بولار،
هايۋان ئوخشاش يېسە، چۈشەر ئېغىر تاش گويا.
ئۆز ئەمرىڭگە بويسۇندۇرغىن بارچە ئىستەكنى،
كىرسەڭ نەپسىڭ كەينىگە، بويسۇنمايدۇ ئەسلا.

— سەئدىي شىرازىي

ئۆزۈڭ تېپىپ يېگەن سىركەيۇ، پىياز —
ئاقسالىنىڭ نانىۇ بەررەسىدىن ساز.

— سەئدىي شىرازىي

قۇش چۈشمەس پەستىكى دانىنىڭ ئۈستىگە،
تۇزاق ئۆزرە كۆرسە ئۆزگە بىر قۇشنى.
باشقىلارغا ئىبرەت بولماي دېسەڭ سەن،
ئۆزۈڭ ئىبرەت ئېلىپ ئىشلىگىن ئىشنى.

— سەئدىي شىرازىي

بەتنىيەت بۇ ئىشنى چۈشەنمەس بىراق —
تىقسپ يېگەن ئادەم ئەقىلدىن يىراق.

— سەئدىي شىرازىي

ئىچكىنى تاماقتىن خالى تۇت، تاكى،
ئاڭا كىرەلسۇن نۇرى مەرىپەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرنۇڭغىچە لىققىدە تائام تۇرسا،
قانداق سىغار ئۇنىڭغا ئىلىم، ھېكمەت؟

— سەئدىي شېرازىي

قورۇلغان قوشنىڭ قەدرى توقلار ئالدىدا —
داستىخاندا پىياز، كەشنىچ ئوتتىن ① كەمدۇر.

ئاچ ئالدىدا ئۆتەر توخۇ ئورنىغا،
قورۇق سۇدا قايناپ پىشقان بىر چامغۇر.

— سەئدىي شېرازىي

ھالۋىدىن بىر لوقما يېگەي ھەر كىشى،
سىركىنى بىر قەترە تېمىزماق ئىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئالما كېرىگىدىن ئارتۇق بارىنى،
پايمال قىلمىغىن تەئبىڭ تارىنى.
ئەگەر سۇ بولمىسا زىلال ۋە تاتلىق،
ئىچمە كېرىگىدىن يا كەم ياكى جىق.

— ئابدۇراخمان جامىي

① بىر خىل پۇراقلىق كۆكتات.

گىلىمىڭ بولسىمۇ نەپىس، يالتىراق،
ئۆر ھالىڭغا قاراپ ئۇزاتقىن ئاياغ.

— ئابدۇراخمان جامىي

تاماقىنىڭ ئاز - كۆپى ساقلىقىم خاراب —
قىلمىسۇن دېگەنلەر، لايىقىدا يەر.
باي قارنى ئاچقاندا گاھى - گاھىدا،
كەمبەغەل تاپقاندا يا باردا يەر.

— ئابدۇراخمان جامىي

قويۇق - سۇيۇق ھەر نېمە تاپساڭ ئۆيۈڭدە،
تويۇپ يەپ ئالغىنىڭ ياخشىدۇر ئەلۋەت.
باشقىلار تائامىنى ھەۋەس قىلما،
پەس داستىخاندىن پەشنى قېقىپ كەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

گەر ساقلىق ئىزدىسەڭ يېمە ھېچ تاماق،
ئىشتىھاڭ غەلىبە قىلماستىن بۇرۇن.
ئەمما تېخى نەپسىڭ قانماستىن تۇرۇپ،
تائامدىن قولۇڭنى تارتىشقا ئۇرۇن.

— ئەلشىر ناۋايى

كىم ئائىلىق ھەممە دەردكە داۋادۇر،
ئەسلىسى دەردكە پەرھىزدىن شىپادۇر.

— بەدرىددىن ھىلالىي

مەيدە ترنۇرىنغا ئوت ياقما تەكرار،
دىل تىنىدىتىنى باسار دۇت - غۇبار.

— بەدرىددىن ھىلالىي

ساقلىقنى قىلساڭ ھەۋەس،
ئاز تاماق يەپ قىلغىن بەس.

— كامالىدىن بىنايى

كىم ئۇيقۇ، تاماققا بولىدىكەن بەندە،
بولار مەردلىكتە سۇس ۋە پىقىر، شەرمەندە.
نەپسنى يىغماق ئۈچۈن ئىرادە كېرەك،
قىلىچ كەسمەس بولمىسا ئۇندا دەستە.

— ئابدۇقادىر بىدىل

بىر تېۋىپ يېنىغا كېلىپ بىر ئىنسان،
دېدى: «قارنىم كور - كور قىلىدۇ ھامان،
ھەزىم بولمايدۇ ھېچ يېگەن تامىقىم.»
دېدى: «ھەزىم قىلىپ، ئاندىن يە، نادان!»

— ئابدۇقادىر بىدىل

## قانائەت

ئاچكۆزلۈك باشقا بالا كەلتۈرەر،
نەپسىنى يىغىش راھەت ـ دەۋا كەلتۈرەر.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

بارغا قانائەت قىل ۋە ئاۋات ياشا،
غەم بەندىدىن ئادا ۋە ئازاد ياشا.
ئۆزۈڭدىن ئۈستۈننى كۆرۈپ يېمە غەم،
سەندىن تۆۋەنلەر بار، قارا، شاد ياشا.

— ئەبۇ ئابدۇللا روداكىي

ئېھتىياجسىز تەلەپ قىلما كۆپ نېمەت،
بەكمۇ تېز كەلتۈرەر، ئەلەم پالاكەت.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

دەردمەندۇر تەمەگەر كۆڭۈل دائىما،
قولۇڭدىن كەلسە سەن ھېچ قىلما تەمە.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

كىمنىكى ئۆز نەپسىگە بولۇپتۇ بەندە،
ھېچ كىشىدىن ئالقىش ئالماس ئالەمدە.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

خەتەرلىك دەريادا سەدەپ ئاقتۇرغان،
جېنىنى قولىغا ئېلىپ تۇرار ھەر ئان.

— ئەبەددىي تۇسى

غەۋۋاس، تەمە قىلىپ مەرۋايىت، مارجان،
ئاخىر يىمدا قىلار ئاگا شىرىن جان.

— ناسىر خىسراۋ

دال سەن تەمەدىن چېكىپ نادامەت،
ئازاد بول ئېلىپتەك، تىك بولسۇن قامەت.

— ناسىر خىسراۋ

بولمايدىكەن تەمە مەردلىك بىلەن بىر،
كۆپ كۆرۈپ چۈشەندىم، مەلۇم بولدى سىر.

— ناسىر خىسراۋ

كۆپ يېيىشنى قىلمىغىن ئەسلا ئادەت،
ئاخىر دىل ۋە جېنىڭ چېكىدۇ زەخمەت.

— ناسىر خىسراۋ

تەمە گۇادەك چىرايىنى قىلار سامان،
تەمە بېشىنى كەس بولساڭ مەرد ئىنسان.

— ناسىر خىسراۋ

تەمە قىلار كىشىنى خار ۋە زەلىل①،
خارلىق باسقاندا غەمكىن بولىدۇ دىل.

— ناسىر خىسراۋ

ئىنسان ئىچىدە ئەڭ ئەبلەخ ئىنسان —
نەپسى-داۋا كەينىدىن بولىدۇ سەرسان.

— پەرىدەددىن ئەتتار

كىشىدە كۆپ ئىللەت — كۆپ يېيىشتىندۇر،
كېسەللىك، ئوقۇبەت — كۆپ يېيىشتىندۇر.

— پەرىدەددىن ئەتتار

---

① پېقىر.

مال ـ دۇنيا ھەسرىتى قىلمىسۇن ئەبگار،
مەڭگۈ ئۆلمەس كىشى يېنى. نەدە بار؟!

— ئۆمەر ھەييام

تاڭ سەھەر لالىگە شەبنەملەر چۈشەر،
چىمەندە بىنەپشە بويىنىنى ئېگەر.
راست ئېيتسام، غۇنچىدىن بەكمۇ رازىمەن،
نە ئېتەك كۆتۈرمەس، نە ياقا يېشەر.

— ئۆمەر ھەييام

شاد ياشاشنى خالىساڭ، ئەلدىن تەمە ئۈز!

— ئۆمەر ھەييام

بىلەمسەن گۈلسەپسەر① ھەم سەرۋى تەقدىرىنى،
ئېغىزلاردا داستان بولغان سىرىنى؟
بىرسى يۈز تىلى بىلەن جىم تۇرىدۇ،
بىرسى يۈز قولىدىن ئۈزاتماس بىرىنى.

— ئۆمەر ھەييام

① گۈلسەپسەر — قىياق يوپۇرماقلىق، بىنەپشە ياكى سېرىق گۈللۈك كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك.

بىلەمسەن گۈلزادىلەر قەدرىنى - قىممىتىنى،
پەسلەر داستىخانىنغا ئۇزاتماس ھېچ قولىنى.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

كۆز تىكمە خەسسىلەر سۆھبەت - دانىنغا،
ئىشەنمە ناكەسنىڭ ئەھد - پەيمانىنغا.

— ئەبۇلمەجد سەنايى

كىمنىڭ بوشراق چۆنتىكى،
تىنچراق سوقار يۈرىكى.

— نىزامى گەنجەۋى

چاقىرمىسا تەشرىپ قەدەم ئەيلىمە،
ئۆلۈمتۈك كەينىدىن قاغىدەك يۈرمە.

— پەرىدىددىن ئەتتار

تەمەگەر كۆڭلى كىر ھەم كالۋا تىلى،
قاچان روشەن بولسۇن تەمەگەر دىلى.

— جالالىددىن رومى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاچكۆز كۆتۈرەر قورساق يۈكىنى،
قورساق تويماي قالسا ئەلەم يۈكىنى.

— سەئدىي شىرازىي

بىر دىرەم كۈمۈشكە گادا خۇش، بۇ راست،
سۇلايمان ئەجەمنىڭ مۈلكىگە تويماس.

— سەئدىي شىرازىي

ئاچكۆز ئەھلىگە رەھىم قىلما زىنهار،
ئاچكۆز، تويمىغۇر ئادەم دائىم خار.

— سەئدىي شىرازىي

ئاچ قورساقنى تويدۇرار بىر نانىنىڭ ئۇۋۇقى،
ئاچكۆزنى تويدۇرالماس پۈتۈن ئالەم نىمىتى.

سەئدىي شىرازىي

ئولتۇرغىن ئاچ ۋە بىچارە، يالىڭاچ،
لېكىن ناكەسكە ئەسلا بولما موھتاج.

— سەئدىي شىرازىي

سۆزۈڭدە تەمە بولسا بىمەنىدۇر،
تەمەدىن كېچىپ، ئېيتقان سۆزۈڭ خوپتۇر.

— سەئدىي شىرازىي

باشقىلار مىلىغا بەرمىگىن كۆڭۈل،
كېيىن كۆڭۈل ئۈزمەك بەكمۇ مۇشكۈل.

— سەئدىي شىرازىي

مال - دۇنياغا تويماس تەمەگەر كۆزى،
شەبنەمگە تولمىغاندەك قۇرۇق خۇددى.

— سەئدىي شىرازىي

كىمنىڭ جايى بولمىسا، پۈتۈن شەھەر جايىدۇر،
دەرۋىش نەدە توختىسا، ئۇندە شۇ سارايىدۇر.

— سەئدىي شىرازىي

پەس كىشى مال - دۇنيا كۆتۈرمەس بى شەك،
ئېشەك ئەتلەس توقۇمى بىلەنمۇ ئېشەك.

— سەئدىي شىرازىي

ۋەھشەت بىلەن كۆكرەك كەرگەن يولـۋاس ھەم،
چاشقاندەك قاپقانغا چۈشەر ئىزدەپ يەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئەي غاپىل، كۆپ ئويلاپ پايدا - دۇنيا مال،
ئۆمرۈڭ دەسمايىسىنى قىلمىغىن پەيمال.

— سەئدىي شىرازىي

يەر يۈزىنىڭ نېمىتى ئاچكۆزنى تويدۇرالماس،
خامان-خامان دان غەلۋىر كۆزىنى تولدۇرالماس.

— سەئدىي شىرازىي

دۆلەتمەند قىلغىن مېنى، ئەي قانائەت،
چۈنكى يوقتۇر سەندىن ياخشىراق نېمەت.
لوقمانىنىڭ مۇرادى — سەۋر بۇرچىكى،
سەۋرسىز كىشىدە بولمايدۇ ھېكمەت.

— سەئدىي شىرازىي

كىيىم سوراپ بەدەۋلەتكە پارچە قەغەز يازغاندىن،
پارچە-پارچە ياماق تىكىپ، سەۋر قىلغان ياخشىراق.
قوشناڭ سايىسىدە ئەگەر بارار بولساڭ جەننەتكە،
خۇدا ھەققى، دوزاققا تەڭ، ئاقىۋىتى بى ساناق.

— سەئدىي شىرازىي

يېرگىنىشلىك خار بولۇپ تېپىلغان نېمەت،
قازىنىڭنى تولدۇرىدۇ ئار بىلەن پەقەت.

— سەئدىي شىرازىي

بەختسىزلىكتە قاپاق تۈرۈپ كىرمە دوستۇڭ يېنىغا،
تەرك ئەتمە دوستۇڭنىڭمۇ راھەتۇ ئىشرىتىنى.
بىرەر ھاجەت بولغاندىمۇ ئوچۇق چىراي، خەندان كىر،
ھاجىتىڭنى چىقارغانىنىڭ بۇزماي كەيپىياتىنى.

— سەئدىي شىرازىي

نان كۆپەيدى، ئابروي كېمەيدى بىراق،
يوقچىلىق خارلىقتىن كۆرە ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

ئەگەر بولسا قاپاق تۈرگەن بىر يۈزسىز،
كەيپىڭ بۇزار، ھېچ ئېيتما ھاجىتىڭنى.
بېرىپ ئېيت تىلىكىڭنى خۇش خۇي كىشىگە،
تاپارسەن چېھرىسىدىن راھىتىڭنى.

— سەئدىي شىرازىي

ئاڭلىدىڭمۇ، يىراق غۇردا① بىر سودىگەر،
ئۆلۈۋېتىپ، ئاتتىن چۈشۈپ بىر سۆز ئېيتىمىش:
«كۆز ئاچ ئىكەن، يا قانائەت بىلەن تويار،
ياكى مازار تۇپرىقىسىز تولماس ئىمىش.»

— سەئدىي شىرازىي

---

① يەر ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

بىر قارا ئاقچىغا سوزۇلسا گەر قولۇم،
بىر يېرىم تەڭگىگە كېسىلگىنى ياخشى.

— سەئدىي شىرازىي

ئەقىل كۆزىمۇ تەمەدە تېڭىقلىق،
تامادىن دامغا چۈشىدۇ قۇش، بېلىق.

— سەئدىي شىرازىي

تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچقان كىشى،
تا ئۆمرى پۈتكۈچە بولىدۇ موھتاج.
تاماسىزلەر بېشى ھېچ ئېگىلمەيدۇ،
ھىرسىڭدىن كەچكىن ۋە بېشىڭغا كىي تاج.

— سەئدىي شىرازىي

نەزەر سال ھىممىتى يوق ئۇ كىشىگە،
ھەرگىز كۆرمەيدۇ ئۇ بەخت - سائادەت.
كۈن - تۈن ئويلايدۇ ئۆز تەن راھىتىنى،
ئائىلىگە چاپا سالار ھەر سائەت.

— سەئدىي شىرازىي

پاسبانلىق پەقەت پۇل بولسا ئۈمىدى،
ئۇنى پاسبان ئەمەس، بىل زەر ئوغرىسى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئازراقلا ياخشىغا قىلغىن قانائەت،
چەكسىز ھەشەمەتنى ئىزدىمە غايەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئاق نان تېپىشقا قۇربى بار ئىنسان،
كېپەك ئارقىسىدىن چاپماس ھېچقاچان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

لىپمۇ لىپ قەدەھدە شەربەت تۇرسا مول،
ئۇ كىشى سىركىگە قانداق سوزسۇن قول!

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تاجىمۇ، تەختىمۇ ھېچ بولما موھتاج،
يەرنى تەخت بىلگىن ۋە ئاسماننى تاج.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

قانائەت دۆلىتى سايىسىدە بىل،
ھىممىتىم تەمەدىن كېتەلىدى يىراق.

مەنسەپ بىلەن مالدىن خىرسىمنى ئۈزدۈم،
تەمە سايىسىدىن زەخمەت ياخشىراق.

— ئابدۇراخمان جامىي

رائىيەتتىن تەمە قىلمىدىكەن شاھ،
ئۇنى شاھ دېمىگىن گادايدۇر، گاداھ.
قەدىمدىن دانالار سۆزى بار ئېنىق،
بىراۋدىن بىر نەرسە تىلەش گاداھلىق.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئۆزگىلەرگە ھەسەت ئەقىلدىن ئەمەس،
ئەسلا كەتمىگەيسەن ئەقىلدىن يىراق.
خەلقتىن تەمە ھەسەت ـ ئەلەم ئاساسى،
تەمە ئۈز، ئەلىمىڭ بولماي بىساناق.

— ئابدۇراخمان جامىي

كىم ئەگەر جاھاندا بېخىل بولۇپتۇ.
خەلق ئالدىدا خار ۋە زەلىل بولۇپتۇ.

— كامالىددىن بىنايى

پېقىرلىقتا چاپلاشسا تىرەك سۆگەككە،
سىر بەرمىگىن دوست ۋە دۈشمەن يۈرەككە.

ئېھتىياجىڭ بىلسۇن پەقەت شۇ كىشى،
ھاجىتىڭدىن چىقالىسا ئۇ يەككە.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىم تاپالىسا موھتاج بولماسلىق يولىنى،
پۇقرا ۋە شاھقا ئۇزاتماس قولىنى.
قانائەت ساۋۇتىنى بىلگەن كىشىلەر،
بىلەر ھەر پۇرسەتتە غەنىمەت مولىنى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ھىرس ئەھلى ۋەسۋەسىدىن توختاتسا قەدەم،
ئاچكۆزلۈك شۇ ھامان تاپىدۇ بەرھەم.
يەنى تەمە قولىنى تارتقىنى ھامان،
ئىلتىماستىن يۇمۇلار ئۇنىڭ لىۋى ھەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

شاھ سارىيىدىن ئابروي تاپمايدۇ ئادەم،
ئۇندىكى تۆۋەنلىكلەر ھەممىدىن كەم ھەم.
ئىززەت دېسەڭ قانائەت بۇرچىگىدە بول،
پەسلەرگە تەۋە ئەمەس، بىلگىن بۇ ئالەم.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېخىللىق ھەممىدىن ئاجراش، خورلۇقتۇر،
خالايىققا ھەسەت — ئەسلى خورلۇقتۇر،
ئۆزۈڭگە دەرد – ئەلەم راۋا كۆرمەكمىن،
كۆرۈك ئاچ، ئاچكۆزلۈك — ئىزا، كورلۇقتۇر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

## سېخىيلىق ۋە بېخىللىق

بارلىغۇ يوقلۇقتا دۇنيانىڭ ئەھلى،
ھەتتا ساڭا خەسىس، نامەرد كۆرۈنەر.
دۇنيادىن تەمەنى ئۈزگەن چېغىڭدا،
ھەممە ساڭا سېخىي، بەك مەرد كۆرۈنەر.

— ئەبۇئابدۇللا روداكىي

كىشىگە ياخشىلىق قىل، بەرمە ئازار،
پەقەت شۇ يولنى تۇتقان مەردۇ ھوشيار.

— ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسىي

كېسەلگە مەلھەمدەك ھايات بېغىشلا،
چارىسىز قالغانغا نىجات بېغىشلا.

— ناسىر خىسراۋ

سېخىيلىق يولىنى تۇتسا قېرى - ياش،
سېخىيلىق ئۆزگىنى قىلار قېرىنداش.

— ناسىر خىسراۋ

كىلىشمەيدۇ ئەسلا ئادەمزاتىڭغا،
يىقىلغاننى تاشلاپ، مىنسەڭ ئېتىڭغا.

— ناسىر خىسراۋ

موھتاجلىق كۈيىدە كۆڭۈلنى ئۈزدە،
يۈرەككە يېقىن ۋە ماقۇلنى ئۈزدە.
بىر دىلغا ئەرزىمەس يۈز توپا كەئبە،
كەئبەدە نېمە يار؟ بىر دىلنى ئۈزدە.

— ئۆمەر ھەييام

كىشىلەرگە باقساڭ ناز - نېمەت كۈنى،
يېتىمدۇ دادىڭغا مۇشەققەت كۈنى.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئىنسانغا مەرھەمەت - ئېھسان ۋە كەرەم،
ئازادنى ھەم ساڭا ئېتىمدۇ مەھرەم ①.

— نىزامىي گەنجەۋىي

---

① ئىشەنچلىك خادىم.

ئالىي ھىممەت قولدا مال ۋە دۇنيا تۇرماس، ئۇ —
ئاشىق دىلىدا چىدام ياكى غەلۋىردىكى سۇ.

— سەئدىي شىرازىي

كەمبەغەلدىن تائامىنىڭ ھىدىنى ھەم تۇتار يىراق،
ئۇ نان يېگەن دەستىخاندىن قوش تاپالماس
بىرەر ئۇۋاق.

— سەئدىي شىرازىي

دىل نە قىلسۇن پەس تەبىئەت بولسا تەن،
ھەر مەھەل چىقماس شامال خاھىش بىلەن.

— سەئدىي شىرازىي

موھتاج بەندە ئىلتىجادا خۇداغا قول ئۇزىتار،
توقلۇقىدا قوللىرىنى قولتۇققا ئۇرۇپ، قاچار.

— سەئدىي شىرازىي

ئالتۇن ـ كۈمۈش بولسا، يېگۈز ھەممىگە،
ئۆزۈڭمۇ يەپ ـ ئىچكىن كۆڭۈلۈڭ خۇش ئۆتسۇن.
سەندىنمۇ قالىدۇ بۇ ئىمارەتلەر،
خىشى بولىغىنىدىمۇ كۈمۈش يا ئالتۇن.

— سەئدىي شىرازىي

بەردى خۇش بەخت ھېچنېمىنى ئايىماستىن،
بەتبەخت ئۆلدى يىققىنىنى يېمەستىن.

— سەئدىي شىرازىي

كۆچ سىلەن تۇتالمايدۇ دۆلەت پېشىنى كىشى،
كور قويسا قاشقا ئوسما، مەنىسىزدۇر بۇ ئىشى

— سەئدىي شىرازىي

كىمنى مەشھۇر قىلسا سىخىيلىق. كەرەم،
قولىدا تۇرمايدۇ دىنار ۋە دەرەم
ياخشى نامى چىققان بولسا كوچىغا،
ئادەملەر ئۇرۇلمەس ئۆيىدىن بىر دەم.

— سەئدىي شىرازىي

ئارزۇغا يېتىشكەن بەختىيار ئادەم،
قار كۈن ئىچىدە چېكەمدۇ ئەلەم.
شادلىقتا يەپ - ئىچىپ ياشا ئەي دىلكەش،
ئەتىكى كۈننى دەپ بۈگۈن چەكمە غەم.

— سەئدىي شىرازىي

يۈكى قانچىلىككى ئاز بولسا ئېشەك،
يۈگۈرىشى ئەپچىل، يۈرۈشى ئىتتىك.

پېقىرلىق يۈكىنى كۆتۈرگەن ئادەم
ئۆلۈم ئىشىكىگە بارىدۇ يېنىك.

نېمەتكە غەرق بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ
ئۆلۈمى بولىدۇ ئېغىر ھەممىدىن.
بەندىگە چۈشكەن ئەمىر ئەھۋالى مۈشكۈل،
بەندىدىن ئازاد بولغان ئەسىر ھالىدىن.

— سەئدىي شېرازىي

ھېچكىمگە نەپ بەرمىگەن ناكەسنى قويغىن ئەسلىمەي،
مال يىغىش بىلەن ئاۋارە بولدىيۇ كەتتى يېمەي.

— سەئدىي شېرازىي

خەسىسلەر نە يېمەي، نە ئىچمەي ئېيتار:
«يەپ - ئىچىشتىن ئارزۇ ياخشى دۇنيادا.»
بىر كۈن دۈشمەنلىرى ئارزۇسى بىلەن
ئۆلۈپ كېتەر، بايلىق قالار باشقىغا.

— سەئدىي شېرازىي

ياخشى بىلسەڭ، بېرىش كېرەك نەرسىنى،
جىلە قىلماي بەر چىرايلىق سەن ھەردەم.

www.uyghurkitap.com

كىم خاھىشى بىلەن خىراج بەرمىسە،
كۆچ بىلەن ئالار مىرشاپ ھەققىنى ھەم.

— سەئدىي شىرازىي

قازى يېسە گەر بەش تەرخەمەك پارە،
يۈز دەررە ھۆكمىگە تاپىدۇ چارە.

— سەئدىي شىرازىي

پازىلنىڭ گەر بولسا بېخىللىق ئىشى،
ئەتە يۈ،كەچ تەنە قىلار ھەركىشى.
كەرەم ساھىبىنىڭ بۆلسا يۈز گۇناھى،
شۇ ئېھسانىدىن يېپىلغاي نۇقسانى.

— سەئدىي شىرازىي

ئۆز تونۇڭغا سالساڭ گەر يۈز ياماق،
ئۆزگە تونىنى سورىغاندىن ياخشىراق.

— سەئدىي شىرازىي

سېخىيلىق ۋە ئىسراپ ئارىسىدا پەرق،
ئېيتاي قۇلاق سالغىن، بولسا گەر ئىنساپ.

سىخىيلىقتۇر خىسلەت كەرەمى دائىم،
داۋراڭ ئۇچۇن كەرەم قىلساڭ ئۇ ئىسراپ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مۇڭلۇك ئالەمى ئىچىدە بىغەم بولساڭ، بەس،
ئالەم غېمىنى يېگىن، مۇڭلۇك غېمىنى ئەمەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

خىزمەت قىلغان كۆتەر سىخىيلىق، كەرەم،
بولمىسا بىر - بىرىدىن كەم ئەمەس ئادەم.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

خەسىس خەزىنىگە يېتىشسە ناگاھ،
ھىرستىن يولىنى يوقىتار گۇمراھ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تەشنا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سۇ ئىشقا —
يارايدۇ غۇ، ئەمما ئەمدى يۇيۇشقا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەممىگە سىلىۋەر بىكار دەستىخان،
ھېچبىر دەستىخاندىن يېمە بىكار نان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى

سېخىي، مەردلەر سالسا دەستىخان،
ھەتتا ئىتقا تېگەر ئۇستىخان.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

گۈل تۈرۈپ، بولمىسا خۇش بۇي پۇرىقى،
ئۇچارغىن شامالغا غازاڭدەك ئۇنى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

چىمەندە ئېچىلسا قانچە تازا گۈل،
تېزىلىپ گۈلاپقا ئالار شۇنچە يول.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بىلىملىك مەرد، ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە،
سېخىيلىق كۆرسەتمە ھەرگىز نامەردكە.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

تۈگمەن چاقى يۈز يىل ئايلانغاندىمۇ،
دەريادا كەم بولۇپ قالماس قەترە سۇ.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ئەگەر قۇشقاچ كاۋاپ بولۇشنى خالار،
نەپسى سۇلتان دانى تەرەپكە قوغلار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پادىشاھ كىم دىيارى پۈتۈن ئالەمدۇر،
ۋىلايەت ساھىبى دەرۋىشتىن كەمدۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

دەرەم دەپ چۆكسە تىز شاھ ئالدىدا يات؛
دەرۋىشلىك، مەردلىككە ئۇ تامامەن يات.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئاچقۇچ بولۇپ كەلدىڭ ئويۇنچۇق ئەمەس،
بىرمۇ بىر خەزىنە ئاچالىساڭ بەس.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ۋەيرانە ئىچىدە خەزىنە ئىزدەپ
بايقۇش كەبى چەكمە دەرد - ئازاب يۈزلەپ.
دۇنىيا بىر ماتاكىم، ئۇنىڭ ئىزىدىن
ھېرىس قويۇپ يۈرمە، ئۆتكىن يۈزىدىن.

— ئابدۇراخمان جامىي

مال ـ دۇنيانى ئىزدەپ جاندىن ئايرىلماق ـــ
گۆدەكلىك: مانا بۇ مەسەلگە بىر باق:
نادان بالا چىلەك تۇتۇپ ئۆز نېنىنى،
ئۆزگىدىن نان سوراپ قىينار جېنىنى.

— ئابدۇراخمان جامىي

جان مىلىك خىل نەرسىگە بولسىمۇ موھتاج،
ياخشىسى ناكەستىن ئىزدىمە ئىلاج.
ناكەستىن سوراپ ھېچ ئابرويۇڭ تۆكمە،
ئابروينى ئېرىقتا ئاققان سۇ دېمە.

— ئابدۇراخمان جامىي

دىلنىڭ زەبت قىلمىسۇن بۇندا مۈلۈك ـ مال،
بولار پات ـ ئارىدا تاپىدۇ زاۋال.
دىلىڭدا بەرمىگىن خاسلىققا يول،
يېپىق قولدىن ياخشى دائىم ئوچۇق قول.

— ئابدۇراخمان جامىي

دېدىكى: «كەرىملەر كۆنمەس بۇ ئىشقا،
ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ھېرىس قىلماق خاتا.»

— ئابدۇراخمان جامىي

ئانىسىغا خەتنى يېزىپ ئىسكەندەر،
خەت قېتىغا قېتىپ دىل بىلەن جىگەر،
كېيىن ئەئيانلارغا بۇراپ يۈزىنى،
دېدى نەسىھەت، ۋەسىيەت سۆزىنى:
كەپەندىن قولۇمنى چىقىرىڭ خىيال ①.
ھەممە ئادەم كۆرسۇن ئەر ۋە ئايال.
نامۇراد ھالىمدىن خەۋەر بېرىڭلار،
ھەربىر مەملىكەتكە جار سېلىڭلار:
«بۇ قول، ئەمەل ۋە ئىززەت تۆپەيلى،
شاھلارنىڭ تاجىنى يۇلغاندى خېلى،
مۇشتۇمىدا كەرەم، مېھرى بار ئىدى،
بارمىقىدا كىچىك مۇھىر بار ئىدى.
پەنجە ئېلىپ پەلەك شىردەك قۇدرەت،
قۇدرەتلىك قوللارنى قايرىدى شىددەت.
غەزەپتە ھەر قولدىن زەبەردەس ئىدى،
ئالدىدا بارچە قول ئاجىز، پەس ئىدى.
گادايلىق ۋە شاھلىق تەييارىدىن بۇ كۈن،
ئالەمدىن كەتمەكتە قۇپقۇرۇق پۈتۈن،
ئالقاندا شامالدىن باشقا نەرسە يوق،
بۇ سەپەردىن باشقا ئاڭا بىر جاي يوق.
سېنى ئاناڭ تۇغۇپ سۈرتكەندە كۆزگە،
ھېچ نەرسە بەرمىگەن بوش قولدىن ئۆزگە.
دۇنيادىن كەتمەككە قويغاندا قەدەم،
كەلگەن يولۇڭ بىلەن بوش كەتكىن سەن ھەم».

— ئابدۇراخمان جامى

① ئازراق.

ساھىبخان دەۋرسە «نىنىم» ۋە «ئىشىم»،
ئۇنداق داستىخانغا سوزمىغىن قولۇڭ.
شورپىسىدىن ئۆز كەشنىچىك ① ياخشى،
ئۇنداقلار ئۆيىگە چۈشمىسۇن يولۇڭ.

— ئابدۇراخمان جامى

ئۈچ ئىشنى قارىلار ھەكىم قەلىمى:
تەنتەك بولسا قۇدرەتلىك پادىشاھ،
خەسىس بولسا دۆلەتمەن كىشى،
مال - مۈلۈككە خىرىس قىلسا دانا.

— ئابدۇراخمان جامى

ئەي خوجا، ئالتۇنغا كۆپ ھېرىس قىلمىغىن،
ئاخىرى يالىڭاچ، قۇرۇق كېتىسەن.
نازۇ نېمەتتىن كۆپ سەمرىۋەرمە،
ئويلىغىن، گۆرۈڭدە قانداق ياتىسەن؟

— ئابدۇراخمان جامى

ھېرىس پەسلىك كەلتۈرەر باشلارغا تەشۋىش دائىما،
كىم قانائەت ئەھلىدۇر خۇشال دىلى، خۇشال ھايات.

---

① تاماقتا سالىدىغان بىر خىل كۆكتات.

بىلىمگەي باش ئاغرىقىنى، راھەتتەدۇر سىپىخىي كىشى،
كىمدە ھېرىس بىر ولدى ئارتۇق تاپىمىغاي بىېشى نىجات.

— ئابدۇراخمان جامىي

گەر ئىززەت ئىزدىسەڭ تەمەنى تەرك ئەت،
شۇ مەرمۇندا گادايلار بولۇشتى خار.
قۇياشتىن ئارتۇقچە نۇر سورىغان ئاي،
يۈزى بولدى قارا ھەم ئابرويغا زار.

— ئەلشىر ناۋايى

ھەۋەسنى تەرك ئەتمەك كۆپ مەھەل بۇندا،
ئەركىنلىك پەقەت بىر ئىھتىمال بۇندا.
نېمىگە كۆز سالماي، دىل بولار ئەسىر،
كۆڭۈل ئۈزمەك بولسا، بوش خىيال بۇندا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

— بايلىقنى ئاشۇرماق بولۇپ ئاھ - ۋاھ —
قىلغان باي، بىلىسدى تىنچ يولىنى، ئاھ.
شام شادلىقى باشتا قالپىقىدىندۇر،
بىلمەسكى، جېنىنىڭ ياۋى شۇ كاھ.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مال ـ دۇنيا يولۇڭغا تېرىلغان تىكەن،
ئۇندىن قۇتۇلۇپ تۇر ئاسانلىق بىلەن.
پېشىڭغا ئېسىلىپ يىغىلىپ قالسا،
تېرىپ تـاشلىماقلىق كۆپ زەخمەت ئىكەن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

بېخىل باي ئالدىدا ئۆلۈم نەق بولدى،
زەردىن بىر تېۋىپ يانچۇقى تولدى.
تىللاسى سەرپ بولۇپ كەتكەچكە ئۇ باي
شىپا تاپقان چاغدا قايتىدىن ئۆلدى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سېنى يەرگە ئۇرغان ھېرىسىڭ ئەمەسمۇ،
بەختىڭ خاراب قىلغان ھېرىسىڭ ئەمەسمۇ؟
شاھنىڭ ئىشىكىدە تۆۋەنلىك بىلەن
قولۇڭ قوۋۇشتۇرغان ھېرىسىڭ ئەمەسمۇ؟!

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىشى ئاجرالمىسا دىت ـ پەمدىن بىراق
تىللا، كۈمۈش كەيپى ئۇنىڭغا يىراق.
ئادەمزات ھەممە ۋاقىت قويغاندا خىنە،
بېھىس تىرناقلارغا يۇقار ياخشىراق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

دۆلەتمەندىن ئۈمىد قىلمىغىن ئاسان،
كاتتالىقتىن ئۆزگە لىباسى گۇمران.
بۇلاردىن ھىمايە ئارزۇسى پۇچەك،
سايە بەرمەس كۆككە تاقاشقان ئايۋان.

— ئابدۇقادىر بىدىل

شەيخ بولساڭ ھېچكىمگە سەن ھۆكۈم قىلما،
ئەدەب تەرتىپىنى ئەسلا گۇم قىلما.
خەلق ھۇرۇرىغا بار توغرا ۋە ھالال،
تەتۈر بارما، ساقالنى مىسالى دۇم① قىلما.

— ئابدۇقادىر بىدىل

① قۇيرۇق.

# دۈشمەنلىك

زەھەرلىك يىلاننى قىلساڭ تەربىيەت
بىر كۈنى قەھرىدە ئۇرار زەھەر نىش①.
ناكەستە شۈبھىسىز يىلان خۇيى بار،
ناكەسنىڭ يۈزىنى كۆرمەسكە تىرىش.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

قايسى دوستكى كۆزلەيدىكەن پايدا - رىيا،
بىر كۈنى دۈشمەن بولار ئۇ بىگۇمان.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

دانىشمەن سۆزلىرى ئېسىمدە ھامان:
«ئاجىز ياۋنى سەل چاغلىماقلىق يامان!»

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

① نەيزە، تىغ.

ئۆز ياۋنى پەرۋىش قىلغان ئادەم خام،
جاھاندا چىقىرار ئەخمەق دېگەن نام.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

كىمنىڭكى بىر تالاي بولسا دۈشمىنى،
ئۆتكۈر بولسۇن ئىككى كۆزى رەۋشىنى.

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

كىچىك دەپ ئويلىما ياۋنى بىرەر كۈن،
ئالەمگە ئوت قويار بىر زەررە ئۇچقۇن!

— ناسىر خىسراۋ

خائىندىن دائىم ئۆزۈڭنى يىراق تۇت
دىل بىر دەم خالىماس، نامىنى ئۇنۇت.

— ناسىر خىسراۋ

كىم سېنى ئەلگە يامان ئاتلىق قىلار،
دۈشمىنىڭ بىل، ئۇندىنمۇ ياتلىق قىلار!

— ناسىر خىسراۋ

يىلاننىڭ بالىسى يىلاندۇر، يىلان،
ئاجىز شاختىن يامان مېۋىدۇر نىشان.

— پەخرىدىن گۇرگانىي

ئەگەردە جايى بولسىمۇ، ئاسمان،
بولمايمەن دۈشمەنگە تەسلىم ھېچقاچان.
قاچان شىر تۈلكىگە بويىنىنى ئەگكەن،
قاچان لاچىنغا قۇشقاچ بەرگەن پەرمان؟!

— مەسئۇد سەئد سالمان

كىمكى دۈشمەندىن قىلمىدى ھەزەر،
ئاقىۋەت ئۇندىن كۆرىدۇ زەرەر.

— پەرىددىن ئەتتار

دوستلار، ئارا ئىناق بول، ئىناق،
دۈشمەنلىكنى بىلسەڭ، يىراق بول، يىراق.

— پەرىددىن ئەتتار

بىكتاش ئۆز دوستىغا دىدى خوپ دانا:
«دۈشمەننى رەنجىتمىسەن، بولما بىپەرۋا.»
ھالىڭ تەڭ بولىدۇ بىپەرۋا تۇرساڭ،
بىراۋ ھالىنى سەن تەڭ قىلغان بولساڭ.
قەلئە تېمىغا تاش ئاتما بى باش،
تامدىسىمۇ يانىدۇ بەزەن ئېغىر تاش.

— سەئدى شىرازى

بىلدىمكى، ئادىتى زەھەر چاچماقتۇر،
يىلاندىن بولمىدىم بىر دەم خاتىرجەم.
ئۆزىنى دوست كۆرسەتكەن دۈشمەن چىشلىسە،
ئۇنىڭ چىش زەھرىگە تېپىلماس مەلھەم.

— سەئدىي شىرازىي

ياخشىلار يېنىدىن ئۆتمەس ھېچقاچان،
دۈشمىنى توقۇماي ئاڭا بىر بوھتان.

— سەئدىي شىرازىي

ھۈنەردىن چوڭ ئەيىب يوقتۇر ئاداۋەت كۆزىگە ھەردەم،
ئۆزى گۈل بولسىمۇ دۈشمەن كۆزىدە بىر تىكەن سەئدىي.

— سەئدىي شىرازىي

جاھان روشەنلىكىنىڭ بولمىقىدۇر ئاپتابىدىن نۇر،
ۋە لېكىن شەپەرەڭنىڭ كۆزلىرى ئۇندىن ھەمىشە كور.

— سەئدىي شىرازىي

دۈشمىنىڭگە دەردىڭ سۆزلىمە ئەسلا،
خۇش بولۇپ دېمىسۇن «ئەلھەمدۇلىللا!»

— سەئدىي شىرازىي

ئىنكار كۆزىدە قارىغان كىشىگە،
يۇسۇپنىڭ يۈزى كۆرۈنەر خۇنۇك.
ئەگەر مۇھەببەتتە باقسا دىۋىگە،
دىۋە كۆرۈنەر پەرىشتىدەك تۈزۈك.

— سەئدىي شىرازىي

كۆرمەسلىك ئۈچۈن بىر ياۋنى كۆزۈڭ،
ئەرزىيدۇ ئايرىلساڭ مىڭ دوستتىن ئۆزۈڭ.

— سەئدىي شىرازىي

خاھ پەرىياد قىلغىنۇ، خاھى ئۆلتىچا،
قاراقچى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ ئەسلا.

— سەئدىي شىرازىي

ياۋنى ئاجىز كۆرگەندە غۇرۇرلانما ھېچقاچان،
ھەر ئۇرۇقنىڭ مېغىزى بار، ھەر لىباستا بىر ئىنسان.

— سەئدىي شىرازىي

دۈشمەنىنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا ماڭما،
كېيىن پۇشايمان بولۇپ، يۈرۈڭگە ئۇرما.
ساڭا ئوقتەك توغرا يول كورسەتكەن ئان،
سەن ئۇندىن بۇرۇلۇپ، يۈرگىن سول تامان.

— سەئدىي شىرازىي

ئەگەر دۈشمەن ئارا بولسا نىزا، جەڭ،
بىرىپ دوستلار بىلەن خاتىرجەم ئولتۇر.
ياۋلارنىڭ تىلى بىر بولغىنىنى كۆرسەڭ،
كامان تارت، قەلئەگە خىش ۋە تاش كەلتۈر.

— سەئدىي شىرازىي

بايرام كۈنى غەپلەتتە قالما ئاجىز دۈشمەندىن،
مېڭىسىنى قاقىدۇ شىر ئۈزسە ئۈمىد جاھاندىن.

— سەئدىي شىرازىي

قولۇڭدا تاش بولسا، تاش ئۈزرە يىلان،
جىنايەت بولىدۇ ئۇرمىساڭ شۇئان.

— سەئدىي شىرازىي

كۆرۈنسە كىمنىڭ كۆزىگە دۈشمەن،
ئۆلتۈرمەيدىكەن، ئۆزىگە دۈشمەن!

— سەئدىي شىرازىي

ئەگەر ئوت يالقۇنى ئەۋجىگە چىقتى،
تېز ئۆچۈرمىسەڭ خامانغا چۈشتى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

دۇنيا دۈشمەنلەردىن خالى قالسا ھەم،
ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتمىگىن ھەردەم.

— خۇسراۋ دېھلىۋى

پولاتتىن بىر پارچىنى چىشلەپ يۇلماق،
تىرناق بىلەن تاشتا ئېرىقلار قازماق؛
جەھەننەم ئوتىغا باش بىلەن كىرىش،
كىرپىكلەر بىلەن ئوت - چوغلارنى تېرىش،
يۈز تۆگە يۈكنى ئۆشنىگە ئېلىپ،
شەرقتىن غەربكىچە يۈگۈرۈپ - چېپىپ،
بارماقلىق جامغا يېنىك، ئەي، تۆرە،
پەسلەر مىننىتىنى تارتقاندىن كۆرە.

— ئابدۇراخمان جامىي

دۇنيادا دوستۇڭ كىم، دۈشمىنىڭ كىم، باق،
ئىشلىرىڭ ھېساب قىل، يېزىلمىش قانداق.

— ئابدۇراخمان جامىي

بىر ياخشى سۆزۈم بار، قۇلاق سال، ئەي دىل،
قالغان دانالاردىن مىراس بولۇپ ئۇ.
كىم ئاداۋەت قىلىچىنى ئالسا قىنىدىن،
ئاداۋەت تىغىدا ھالاك بولىدۇ.

— ئابدۇراخمان جامىي

شالاق رەزىل قارنى تويغان چاغ،
شاللاقلىقى بولار دادىلراق.

— ئابدۇراخمان جامىي

دۈشمەنىنىڭ ھەسەتچى بولغىنى ياخشى،
بەتپىئىلى ئۆزىگە بىرىدۇ ئازاب.
ئۆز پىئىلى ئۆزىگە دوست - دۈشمەن بولسا،
قەسىدىدە جىسمى - جان بولىدۇ خاراب.

— ئەلشىر ناۋايى

ھەر كىمكى، باشقىنى قىلمىسا پىسەنت،
دەردمەنلىك يولىدىن يىراقتۇر يىراق.
خەلقنى نەزەر - پىسەنت قىلمىغانلارنى —
لازىمدۇر بەتنىيەت دەپ ئاتىماق.

— ئەلشىر ناۋايى

دۈشمەنىنىڭ بىشىدىن زەپەر تاپسەن،
دىمەك مەقستىڭ بۇ — سەپەر تاپسەن.

— ئابدۇراخمان مۇشىقىي

بىرىپ دۈشمەن بىشىنى تەندىن جۇدا قىل،
ئەكسىچە بولسا، ئۆز بىشىڭ پىدا قىل.

— بەدرىددىن ھىلالىي

## مەستلىك

مەي مەستكە دۈشمەنۇ، هوشيارغا ياردۇر،
ئازى تەرىك، كۆپى زەھەرلىك ماردۇر①.
كۆپ بولسا زەرەرى ئاز ئەمەس ئۇنىڭ،
ئاز بولسا ئۇندا كۆپ مەنپەئەت باردۇر.

— ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

كۆپ ئىچمىشنى قىلما ئادەت، قولاق سال:
ئازىغا قىل قانائەت، گاھ قەدەھ ئال.
قىزىلگۈلدەك شاراب روھنى قىلار شاد،
ۋە لېكىن ئاچلىقتا مەينى قىلما ياد.
سۇيۇق تاماق بىلەن پەرھىز قىلغىن،
ھەم ئىسسىق ئاش يېگەندە مەينى تىيغىن.
قولۇڭدا بولمىسۇن پەيۋەستە بادە،
ئايدا بىر ئىچسەڭمۇ قىلغاي كۇپايە.

— ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا

---

① يىلان.

مەينى لايىقىدا ئىچكەن ياخشىراق،
كۆپ ئىچسەڭ، ئەقىلغە چۈشىدۇ ياماق.

— ئەسەددىي تۇسىي

ئەقىلنى ياغلىغاي مەي، كۆزنى ئۇيقۇ،
گۇناھنى ئەپۇ يۇيىدۇ كىرجامنى سۇ.

— پەخرىددىن گۇرگانىي

ئىچكەندە ئەقىلدىن بىگانە بولما،
ئەس يوقىتىپ جاھىلغا خانە بولما.
ئىستىسەڭ قىزىل مەي ھالال بولۇشنى،
ھېچكىمنى رەنجىتمە، دىۋانە بولما.

— ئۆمەر ھەييام

ھوشيار بولسام - مەندىن خۇرسەنلىك يىراق،
مەست بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن بىراق.
مەستلىك ۋە ھوشيارلىق ئارىلىقى بار،
ھايات شۇ، ئاڭا قۇل بولسام ياخشىراق.

— ئۆمەر ھەييام

مەي ئىچسەڭ ئاقىلۇ دانا بىلەن ئىچ،
ياكى بىر گۈل يۈزلۈك زىبا بىلەن ئىچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاز ـ ئاز ئىچ، گاھ ـ گاھ ئىچ، ھەم يوشۇرۇن ئىچ،
ئەزمە، رەسۋا بولما، ھايا بىلەن ئىچ.

— ئۆمەر ھەييام

مەي ئىچىش باش ئاغرىتقانغا ئەرزىمەس.

— ئەبۇلمەجىد سانايى

مەستلىك قىلمايدۇ دانا، مەي ئىچمەس ئاقىل ئادەم،
ئەقىل ئىگىسى پەسلىككە قويمايدۇ ئاياغ بىر دەم.

— ئەبۇلمەجد سانايى

مەي پەرەسلەرگە ھېچ بولما ئاشنا
ئۇنداقلاردىن يىراق يۈرگىنىڭ ئەلا.

— پەرىدىددىن ئەتتار

مەي ئىچىشەر يۈزۈم بولسۇن دەپ زىبا،
ئاخىرى يۈزىنى قىلار كەھرىۋا.

— سەئدىي شىرازىي

«پەس، نادان مەستلىكتە ئۆيلىماس ئەسلا،
نىمە بولار ئەھۋالى يوقسۇزلۇقتا.

باھاردا ياپرىقى مول دەرەخلەر، ناچار —
يالىڭاچ قالار قىش زىمىستانىدا.»

— سەئدىي شىرازىي

ئۆزى غەرق مەست كىشى بىلمەس ئېگىز-پەس،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممە مەست-ئەلەس.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

شاراب مەركىدە خوپ، مەستلىكتە خوپدۇر،
ئەگەر ئوق بولمىسا يايى قولدا چۆپتۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

زۆرۈرەتتە ئالساڭ مەي تولغان جامنى،
سەن مەي ئىچ، سېنى مەي ئىچمىسۇن رادى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەي زورلۇق قىلىدۇ ياش ۋە قېرىغا،
مەرد بولساڭ قوغلاۋەت ئۇنى نېرىغا.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

مەي ئالار كىشىنىڭ ئەقلۇ ھوشىنى،
پەرى دەپ قۇچاقلار چىشى ئۆچكىنى.

گاھ ھەممە يىڭنىڭنى ھۆل ئىتتەك قىلار،
گاھ موشۇكنى يوقىتىپ ئىشەك قىلار.
دەيسەنكى، مەي دەردنى ـ ئەلەمنى ئالار،
لېكىن، ئىمان، ساقلىق، چىدامنى ئالار.
بىردەم غەم ـ غۇسسىدىن ئازاد قىلسىمۇ،
بىلگىن، سامان ئارا يوشۇرۇن ئوت ئۇ.
مەيدىكى ئوتنى سەن قىلمىغىن ھەۋەس،
ياشلىق ھارارىتى ئوتى ساڭا بەس.
مەي ئوتىنى كۆرمەستىن قايناپدۇ خۇمدا،
كۆيىدۇ لاۋۇلداپ قوشۇلسا ئوتقا.
مەي ئوتىغا قوشۇلسا سەندىكى بۇ ئوت
نى بالا قوزغايدۇ، ئاڭلا ئەستە تۇت.
سىياۋۇشتەك پالۋان بولساڭمۇ، دىل غەش،
قازاندەك قاينىتار بۇ ئىككى ئاتەش.

— رۇكنىددىن ئەۋھادى

مەي ئەقلىڭدىن غالىب كەلمىسۇن.

— ئەپزالىددىن خاقانى

ئالمىجاناب ئادەمگە،
مەستلىك ياراشماس.

— كامال خۇجەندى

ئاقىلغا كېلىشمەس، ئاقىل ئىچمەس مەي،
ئورۇنسىز ھەسرەتنى يېمەيدۇ بىلمەي.
مەيدىن خىرەدۇر ئەس - ھوش ۋە دىماق،
شولىسى سۇنىدۇ، ئۆچىدۇ چىراغ.
مەي ھەر بىر باشقا كىرىپ كەلگەن دەم،
ئەقىل ئۇنداق باشتىن تارتىدۇ قەدەم.

— كامالىددىن بىنايى

خار ۋە خەسنى كۆرسىتەر تۇپراقتا گويا شولا - نۇر،
ئىچىملىك ئەھلى ھەۋەسنى ئاقىۋەت رەسۋا قىلار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دىن ۋە دىن ئەھلىلىرى

ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۇ ئۈچ - تۆت نادان،
ئېشەك تەبىئەتىنى قىلار نامايان.
بولار سۆھبىتىدە سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

— ئۆمەر ھەييام

شەيخ پاھىشەگە دەر: نېمە بۇ ئىشىڭ،
مەست بولۇپ، ئۆيمۇ ئۆي قونۇپ يۈرۈشۈڭ؟
ئۇ دەر: مەن شۇنداقمەن، ئەمما سەن ئېيتچۇ،
سىرتىڭ كۆرۈنگەندەك پاكمۇ قىلمىشىڭ؟

— ئۆمەر ھەييام

تەبىئەت تەرتىپىنى يارىتىپ ئاللا،
نېمىشقا چۇل - چۇل قىلىپ تاشلايدىكىن، ۋاھ!
ياخشى بولسا، نېمىشقا پارچىلار ئۇنى،
يامان بولغىنىدا، ئېيتقىن، كىمدە گۇناھ.

— ئۆمەر ھەييام

مەست قولىغا چۆشسە پىيالە، ئەسلا،
ئۇنى سۇندۇرۇشنى كۆرمەيدۇ راۋا.
شۇنچە نازىنىنلار قول، باشلىرىنى،
كىم سۇندۇرغان ھەم بولغاندى ئارا؟

— ئۆمەر ھەييام

دوزاخ ۋە جەننەتنى كىم كۆرگەن ئەي دىل،
ئۇ دۇنيا خەۋىرىنى كىم بەرگەن ئەي دىل؟
قورقۇش، ئۈمىدىمىز شۇلاردىن، ئەمما —
نام - نىشانىسىنى كىم بىلگەن ئەي دىل؟

— ئۆمەر ھەييام

مۇپتى، سەندىن كۆرە پاكراقتۇرمىز،
قاتتىق مەست بولساقمۇ ھوشيارراقدۇرمىز.
بىز تەك قېنىنى ئىچىمىز، سەن ئادەم قېنىنى،
ئىنساپ قىل، قايسىمىز قانخورراقدۇرمىز؟

— ئۆمەر ھەييام

ئەزەلدە لىيىمنى ئەتكەندە خۇدا،
بىلەتتى پەيلىمنى، نىم بولار پەيدا.
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم،
خۇش، نىچۈن مەھشەردە بىرىدۇ جازا؟

— ئۆمەر ھەييام

كەئبەيۇ بۇتخانا قۇللۇق خانىسى،
بۇتخانا قوڭغۇرىقى شۇم تەرانەسى①.
مېھرابۇ كەلىسا، تەسبىي ھەم سەلىپ② —
ھەممىسى قۇللۇقنىڭ بىر نىشانىسى.

— ئۆمەر ھەييام

تەقدىر لەۋھەسىدە ھۆكمىم بولغاندا،
مەيلىمچە يازاتتىم ئۇنى شۇ ئاندا.
قايغۇنى دۇنيادىن يوقىتىپ پۈتكۈل،
شادلىقتىن بولاتتى بېشىم ئاسماندا.

— ئۆمەر ھەييام

پەلەككە تەڭرىدەك ھۆكمىم ئۆتكۈزسەم،
پەلەكنى قىلاتتىم دۇنيادىن بەرھەم.
يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك تۈزەتتىم،
ياخشىلار تىلەككە يېتەتتى شۇدەم.

— ئۆمەر ھەييام

ساڭا تەنھا مەسجىد بولۇپتۇ ماكان،
بۇتپەرەس بولغاننى دېمىگىن يامان.

— سەئدىي شىرازىي

① كوي. ئاھاڭ.
② پۇت.

تەركي دۇنيا بول دەر خەلققە پىر، ئىشان.
لېكىن ئۆزلىرىچۇ؟ يىغار پۇل ۋە دان!

— سەئدى شىرازى

ئۆزلىرى يوك ئىچىگە تىقىشىپ دەرەم،
خەلققە دەيدۇ، تەرك قىل ۋە كۆرسەت كەرەم①.

— رۇكنىددىن ئەۋھادى

ھەق بەندىلىرىنى يولدىن ئازدۇرماق ئۈچۈن،
بۇ مەكرۇ رىيا② جەندىسىنى كىيگەنسەن.

— ھاپىز شىرازى

سۆزلە چالغۇچىدىن، مەيدىن، جاھان سىرىنى كەم ئىزلە،
پىشەلمەس ھېچ كىشى ھېكمەت بىلەن بۇ مۇشكۈل مۇئەممانى.

— ھاپىز شىرازى

ھەل قىلىش كۆپ مۇشكۈل بولدى ئەھلى دانىشتىن سوراڭ،
«توۋا قىل» دەپ ئۆگىتىشەر، توۋا قىلماي ئۆزلىرى.

— ھاپىز شىرازى

① ھىممەت.
② ئىككى يۈزلىمە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەزى ئېيتقۇچىغا بۇ سۆز تەگسىمۇ ئاچچىق، يامان،
مەن ئېيتالماسمەن مۇسۇلمان دەپ ئۇلارنى دېچىناچان.

— ھاپىز شىرازىي

ئۇ دۇنيا ۋە قىيامەتكە ئىشەنسە گەر ئۆزلىرى،
رىيا بىلەن شۇنچە تولۇق بولماس ئىدى سۆزلىرى.

— ھاپىز شىرازىي

كەلدى مەسچىتتىن بۇ كەچ مەيخانە سىرى پىرىمىز،
نە بولار، يولداشلىرىم، بۇندىن كېيىن تەدبىرىمىز؟

— ھاپىز شىرازىي

بولسىمۇ جەننەت باغى ھەرقانچە يېقىملىق، بىراق،
بىل غەنىمەت ساڭا تال سايىسىمۇ جامى شاراب.

— ھاپىز شىرازىي

ھوشيار دەپ بىزدىن گەپ ـ سۆز تېپىشتى،
ئىشان ۋە شەيخلەر ـــ جاھىل ۋە گۇمراھ.
زاھىد سۆزىدىن يۈز تووۋا قىلدۇق،
ئابىد① ئىشىدىن ئەستاغپۇرۇللاھ!

— ھاپىز شىرازىي

① تەقۋادار كىشى.

جەندەمنى گۆرۈ قويدۇم، بىر قاچا شاراب ئەلا،
بىمەنە نەسىھەتتىن ماڭا مەيۇ ناپ ئەلا.

— ھاپىز شىرازى

نادانلىق دۇنيادا ئەڭ زور پادىشاھ،
جاھىلنى ئاجرىتىپ بولماس دانادىن.
شۇنداق، ئۇبەيد. نىجات ئەسلا كۆرۈنمەس،
نە خوجايىنلاردىن ۋە نە خۇدادىن.

— ئۇبەيد زاكۇنى

ئاسمان ئارىسىدا ئۆزگە راۋاق يوق،
مەنۇ سەندىن ئۆزگە پىكرى پارلاق يوق.
يوق نەرسىنى بار دەپ قالدىڭ ۋەھىمىگە،
تاشلا بۇ خىيالنى، بولما مۇشتاق، يوق.

— ئۇبەيد زاكۇنى

بەرگەنگە بۇ دۇنيادا قىلىپتۇ ئاتا،
يوققا قىيامەتكە ۋەدە، رەببانا.

— ئۇبەيد زاكۇنى

جەننەتنى تىرنىقچە ئويلاپ كۆرمىدىم،
پىرداۋسۇ رىزۋانغا ھەۋەس قىلمىدىم.

— ئۇبەيد زاكۇنى

خالىغان دىندا بول، لېكىن ياخشى خۇلق بول،
بەتخۇلق مۇسۇلماندىن كاپىر ئەلاراق.
يەتمىش ئىككى دىندىن ئۆرۈپ يۈزۈمنى،
قەلبىمنى بەردىم مەن ئىشقنىڭ سارىغا.
پەقەت شۇ تەركى دىن بولماقتىن باشقا،
ھېچقانداق بىر ئىش يوق ئاشىق بارچىغا.

— ئابدۇراخمان جامىي

ئەي پاكلىق شامى، ۋەھىمدىن نېچۈن،
گاھ يارقىن نۇرسەن، گاھ خىرە تۇتۇن؟
سەنسىز ئىشرەت قېنى، نادامەت نەدە،
ئۆز ئايىتىڭ ئۆزۈڭ، قىيامەت نەدە؟
... ئەمرىڭگە مۇنتەزىر تۇرغاندا ئالەم،
سەن نېمە خىيالغا ئەسىرسەن ئادەم؟

— ئابدۇقادىر بېدىل

كۆزۈڭ ئاچ، نەدىدۇر دوزاخ ۋە جەننەت؟
ئىشنىڭ نەتىجىسى، مەھسۇلى مېھنەت.
نەدىكى يامان ئادەت بولدى رەھنامە،
جەھەننەم شۇندادۇر، بىلىپ قوي، ئەمما —
ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچساڭ ھەريان،
جەننەت مېۋىسىنى بېرەر بىگۇمان.

— ئابدۇقادىر بېدىل

شەيخلىقتا سەللىنىڭ ئالاقىسى يوق،
ئېشەك مۈڭگۈز دېسە، خام خىيال قۇرۇق.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئەي شەيخ، ئىنساپ بەرسە ۋىجدانىغا پەرداز،
نېمىشقا كۆزۈڭ تويماس، ئانا ئېتىڭ ئاز.
ھېچكىم سەندىن كەم ئەمەس بۇ ئارادا،
ئولتۇرىسەن دائىم كۆزۈڭ مال ـ دۇنيادا.

— ئابدۇقادىر بېدىل

سۆيى تەشنى مۇز كەبى سوغۇق،
ئۇنى ئىرىتەلمەس ھەتتاكى دوزاخ.
شەكىلگە كىرمىگەن ئانا قارىنىدا،
ئىسسىقتىمۇ قاتار تۇخۇمدەك، ئەبلەخ.

— ئابدۇقادىر بېدىل

ئۆمرۈڭدە ـــ ھەر ياندا غەرەز نەيرىڭى،
ياخشى، يامىنىمۇ شۇ غەرەز جىڭى.
«كاپىر ۋە دىن» دېگەنىنىڭ مەنىسىنى يەشسەڭ،
ھەممە ساز كۈيلىرى غەرەز ئاھاڭى.

— ئابدۇقادىر بېدىل

www.uyghurkitap.com

## ئۈنىڭدىن - بۇنىڭدىن

پۇختا بولسۇن بىنانىڭ ئۇل - ئاساسى،
بىنانىڭ ئاساسى ئۇنىڭ ساقچىسى.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

تۈلكە تېرىسىگە ياقىسىن، جۇۋىچى دۇكىنىدا،
تۆھمەتچىنى ئۆز قۇيرۇقى پاش قىلار ئۆز يېنىدا.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

بايقۇش ئۇچۇپ لاچىن بىلەن بەسلەشمەن دېگەن ئان،
قانات سۇنار ۋە قۇيرۇقتىن ئاجرىلىپ قالار ئاسان.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

دۇنيا يىلان، يىلانچىدۇر دۇنيا ئىزدىگەن،
يىلانچىدىن ئاخىر يىلان ئۆچ ئالار جەزمەن.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

«قىلىن» دەر، توق ئاچنى سوراپ كەلسە نان،
چۈنكى بىراۋ دەردى باشقىغا ئايان.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

باھاردا بۇلۇت ياش تۆكسە بول شادىمان،
بۇ سۈپەت يىغىدىن ھەممە ياق بوستان.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

تەتۈر كىيىلگەن بولسا گەر كۆڭلەك،
راۋادۇر ئۇنى شۇ ھامان يەشمەك.

— ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي

ئىسىت، نېمىشقا ئەقىللىقلەرنىڭ
پەرزەنتلىرى دانا چىقمىدى؟
ئاتىنىڭ ئىلىم دانىشلىرىنى
نېمىشقا پەرزەنت مىراس قىلمىدى؟

— ئەبۇئابدۇللا رۇداكىي

دەريادىن چىقمايدۇ گۆھەر ھەممە ۋاقىت،
بىر كۈن ھەتتا باشمۇ چىقماس ئېھتىمال.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ئەقىللىقلەر ئېيتار: بىر ئۆيدە قاچان
ئىككى پەرمانچى بولسا ئىش ۋەيران.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

تېۋىپنىڭ ئۆزى ئاغرىپ قالسا ئەگەر،
ئاغرىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەر.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

كېسەلنى تېۋىپتىن يوشۇرغان ئىنسان،
ياش ئەمەس كۆرىدۇ، ئاقار ئاخىر قان.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

ئوتنى ئۆچۈرۈۋەت تۇتاشقان ھامان،
زورايسا بۇ ئوتتا كۆيىدۇ جاھان.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

قوتانغا ئارىلاپ كىرگەندە بۆرە،
سانچى ئىت ئۇخلىسا، ھەممەنىڭ شورى.

— ئوبۇلقاسىم پەردەۋسى

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلگەندە ئادەم،
باشقىلار ئەيىبىنى سۆزلىمەيتتى ھەم.

— ئوبۇلقاسىم يىردەۋسى

ئۆنمەس - ئۆسمەس ئورۇقنى تېرىما.

— ئوبۇلقاسىم يىردەۋسى

رەڭگىنى سورىما گۈلدە بولسا بۇ،
ئاتەشتىن ئىزدىمەس ھېچكىم ئاقار سۇ.

— ئوبۇلقاسىم يىردەۋسى

كىمكى، تونۇيالمىسا ئەسلى گۆھەرنى،
بىلمەي چۆرۈۋېتىپ تارتار زەرەرنى.

— ئەسەددىي تۇسىي

شىر ۋە يولۋاس بىلەن ئېلىشقاندا ھەم،
ساقلانغىن ئاجىزنىڭ ئوقىدىن ھەردەم.

— ئەبۇلپەزىل بەيھەقىي

ئەگەر ئادەم بولسا كىبىر ئەل،
تەمىسىز تېتار ئاڭا ھەسەل.

— ناسىر خىسراۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كور بولمىساڭ، كۆرمىگەنگە قولاق سالما،
ئىسپات ئىزلەپ تەقلىدچىگە ئوخشاپ قالما.

— ناسىر خىسراۋ

ئارتۇقچە بېرىلسەڭ شەھۋەت زىياندۇر،
تەننىڭ ئاجىزلىقى بالايى جاندۇر.

— ناسىر خىسراۋ

ئۆيىڭگە مېھمان كەلسە دىلشاد بول،
ھەر غەم ۋە قايغۇ، بەندىتىن ئازاد بول.

— ناسىر خىسراۋ

كۆرۈشكە چىرايلىق گۈزەل گۈل نەرگىس،
ئەمما ئاچچىق بولار، چاينىما ھەرگىز.

— پەخرىددىن گۆرگانى

ئالتۇن تاۋاق ماڭا كېرەك نېمىگە،
ياۋ قېنىنى قۇيىدۇ چۈشسە ئىلكىگە.

— پەخرىددىن گۆرگانى

كىم ياردار بولسا يىلان ئىنىدىن،
ئىككىنچى رەت ئۆتمەس ئۇنىڭ يېنىدىن.

— ئەبۇلمەلىك مۇئىززىي

ئىت تەگكىنى سىلەن ئەسلا،
هارام بولماس ئەزىم دەريا.

— ئەبۇلمەلىك مۇئىززىي

زور شىر بەندگە چۈشسە، ئۇنى خارلىقتىن دەپ ئويلىما،
ئىت سارايدا تۇرسا ئىپتىبارلىقتىن دەپ ئويلىما.

— ئەبۇلمەجد سانايى

تولۇق ئىدىشنى تولدۇرۇپ بولماس،
ئازاد كىشىنى قۇل قىلىپ بولماس.

— ئەبۇلمەجد سانايى

تېپىلمىسا — سۇمۇ كۆپ قىممەت،
تېپىلغاندا قەدرىسىز ئەلۋەت.

— ئەبۇلمەجد سانايى

ئىت سېمىز ۋە چاققان بولغان چاغدا،
بىرەر ئوۋ قالماس ئۇ تاغدا

— ئەبۇلمەجد سانايى

سۈتلۈك كالا تەپكەك بولار.

— ئەۋھەدىددىن ئەنۋەرىي

نېمەت بولماس ئازادلىقتىن ياخشىراق.

— ئەپزەلىددىن خاقانىي

شىشە ئۆزى ياسىلار قۇم، تاشتىن،
لېكىن تاش ئۇنى سۇندۇرار باشتىن.

— ئەپزەلىددىن خاقانىي

بەكمۇ ئاسان مومدىن ياسىماق خورما،

ئۇندا خورما تەمى تېپىلماس ئەمما.

— ئەپزەلىددىن خاقانىي

يېرىم ئەتلەس، يېرىمى پالاس،
پەقەت بولماس ياخشى لىباس.

— زاھىر پەريابىي

خورما دەرەخ ئېگىز بولمىسا ئىدى،
ھەر گۆدەك تېشىدىن زاۋال يېتەتتى.

— نىزامىي گەنجەۋىي

ئۆزگىلەر ئەيىبىگە تىكمەك نەزەر سال،
ئۆز ئەيىبىڭ كۆرگەندەك، ئۇندىن ئىبرەت ئال.

— نىزامىي گەنجەۋىي

كىچىك دەردكە تېز قىلغىن داۋا،
ئاچىرلاتمىسۇن كېسەللىك ئەسلا.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ئۇلغىيىپ كەتسە بىر ئاتەش - ئۇچقۇن،
ئاخىر كۆيدۇرەر ئالەمنى پۈتۈن.

— پەرىدىددىن ئەتتار

ناكەس ئىشىكىگە ھېچ قەدەم قويما،
دوچ كەلگەندە ھەتتا ئەھۋال سورىما.

— پەرىدىددىن ئەتتار

كىم دىسە ئەيىبىڭ ئەگەر ئەيلەپ ھۇزۇر،
زۇلمەت ئارا راھەتىگە چاچتى نۇر.

— پەرىدىددىن ئەتتار

بىر كىشىدە ئېشەك بارۇ توقۇم يوق ئىدى،
توقۇم تاپتى، ئېشىكىنى ئاچ بۆرە يېدى.

— جالالىددىن رومى

ئۆزىگە يارىشار ئەخمەقنىڭ چۈشى،
نە بىر قىممىتى بار، نە تۈزۈك ئىشى،

— جالالىددىن رومى

شىرنىمۇ قىلغۇچى بىر تۈلكە مىجەز،
ئېھتىياجدۇر، ئېھتىياجدۇر، ئېھتىياج.

— جالالىددىن رومى

تار ئۆتۈكتىن ساز يۈرۈش يالڭاياغ،
ئۆيدە غوۋغا بولسا، غۇربەت ياخشىراق.

— جالالىددىن رومى

بىچارە ئېشەككى، دىتسىز - پەمسىزدۇر،
يۈكنى كۆتۈرگىنى ئۈچۈن ئەزىزدۇر.

— سەئدىي شىرازىي

قومۇشقا ئوت قويساڭ، يىراق قاچ قۇتۇل،
توقايغا ئوت كەتسە، يانار قۇرۇق - ھۆل.

— سەئدىي شىرازىي

يارىشقان ئىشنى قىل، قولدىن كەلگەننى ئەمەس.

— سەئدىي شىرازىي

چىش بولمىسىمۇ بار يېيىشكە ئىمكان،
زور مۇسىبەتتۇر گەر بولمىسا نان.

— سەئدىي شىرازىي

سەمەرقەندلىك دەپ قىلدىم گۇمان،
دەرياغا چۆككەن ئاشۇ ئادەم،
داد سېلىپ، زار يىغلاپ ۋارقىراپ:
«ئاھ كەتتى، قالپىقىم، ئاھ سەللەم!»

— سەئدىي شىرازىي

ھەر قۇدۇقتا گەر ئابى ھايۋان تولار،
ئۇنى تاپماق ھەممىگە ئاسان بولار.

— سەئدىي شىرازىي

تەشنالار كۆزىنى گەر باسسا ئۇيقۇ،
چۈشىگە كىرىدۇ پۈتۈن ئالەم سۇ.

— سەئدىي شىرازىي

تېنى تۇپراقتايۇ، دىل بولسا تۇيغاق،
تىرىك مۇردا دىلدىن مۇشۇ ياخشىراق.

— سەئدىي شېرازىي

ئەگەر ئەبلەخ دېسە ئەنبەرنى گەندەدۇر،
بولما ھەيران، ئەقلىي پاراكەندەدۇر.

— سەئدىي شېرازىي

سۇنى باشتىن داغلاشقا يېتەر بىراۋ، بىل،
تېشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ پىل.

— سەئدىي شېرازىي

ئۆكۈزلەر گۇناھ قىلسا ھەرقاچان،
پادىچى تۆلەيدۇ تۆلەم ھامان.

— سەئدىي شېرازىي

ھەربىر تاش بولغاندا لەئلى بەدەخشان،
لەئلىمۇ تاش ئوخشاش بولاتتى ئەرزان.

— سەئدىي شېرازىي

شەپەرەڭ كۆزى كۆرمىسە كۈندۈز،
گۇناھ ئىرلىمىگىس ئاپتاپتىن ئەسلا.
مىڭلاپ ئۇنداقلارنىڭ قارىغۇ بولغىنى،
قۇياش بىر دەم قارا بولغاندىن ئەلا.

— سەئدىي شىرازىي

ئەخمەققە ماختاش ياقمىدۇ.

— سەئدىي شىرازىي

تىنىشىدا يوق ئەيىب ئىپتى،
ئىچىدە يوق غەيۋىتى.

— سەئدىي شىرازىي

ناكەسكە يول كۆرسەتمەك —
قارىغۇغا چىراغ بەرمەك.

— سەئدىي شىرازىي

كىم ساڭا باشقىلار ئەيىبىنى ئېيتقاي،
باشقىلار ئالدىدا سەندىن لاپ ئۇرغاي.

— سەئدىي شىرازىي

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

كىمنىڭ بېشىغا قونسىكەن دۆلەت،
ھەممە بولغاي ئاڭا قېرىنداش سىپەت.
بەخت ئۇنىڭ ئۆيىدىن قاچقان چېغى،
گوياكى تىغ بولغاي تام ۋە ئىشكى.

— سەئدىي شېرازىي

سەن چىراغنى كۆرەلمىسەڭ،
چىراغ بىلەن نېمە كۆرىسەن؟

— سەئدىي شېرازىي

ئەگەر بولسا كىمكى مۇردى سۇلتان،
يامىنىمۇ ياخشى بۇلار بىگۇمان.
كىمنى پادىشاھ ئۆزىدىن يىراق تۇتسا،
ئۆي - ئىچىمۇ زاڭلىق قىلىدۇ ھەتتا.

— سەئدىي شېرازىي

مۇۋازىنەت كېتىپ بۇزۇلسا مىزاج،
تېپىلماس دورا - دەرماندىن ئىلاج.

— سەئدىي شېرازىي

ئىت ئوۋ قىلالمايدۇ شىرنى ھېچ مەھەل،
يوپۇقى يىپەك بولسۇن يا ئەتلەسۇ ھەل.

— ئىبنى يەمىن

قايتا ساپ سۇ ئاقسا قۇرۇغان جايدا،
بىلىق ئۆلگەندىن كېيىن نە پايدا؟

— ئېپى يەمەن

تاۋۇس ماكانى بولغاندا بوستان،
ئەسلا ئېسىگە كەلمەس ھىندىستان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھەر باشمۇ دوپپىغا ئەرزىمەيدۇ.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھوسۇل بېرەرمۇ ئۇرۇق بولمىسا ئېكىن مەيدان،
يەر بولمىسا نېمىگە كېرەك بولاتتى ئاسمان.

— خوسراۋ دېھلەۋى

پىل بېرەر نەرسىنى چەيلىسە ئەگەر،
بۇنىڭ ئۈچۈن دائىم پىلچى جاۋابكار.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھەرقاچان دۈشمەندىن قاچقاندا لەشكەر،
سۇلتانغا يەتكەچ توختار مۇقەررەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەمگە، تويدۇرماق ئۈچۈن بىرلاشنى①.
ئاسمان قىلىچ بىلەن كېسەر يۈز باشنى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

ھەر قىزىلگۈلكى، باھارغا ياردۇر،
ئېتەكتە يوشۇرۇن تىكىنى باردۇر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

يۈكتىن بۈكرەيدۇ تۆگە چۈشۈپ مۈك،
توقۇمغا ئەمەس، ئاڭا چۈشەر يۈك.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ چەرىخقە بەكمۇ كۆپ تاشلىدى نەزەر،
يىپ ئۇچى ھېچكىمگە بولماي مۇيەسسەر.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

بۇ راۋاق بۇنيادى كونا ئىمارەت،
بىزدەك قانچىسىنى ياد ئېتەر ئەلۋەت.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

① ئۆلەرمەن.

زەرگەرنىڭ ئىقبالى گەر بولسا غاپىل،
موردورنىڭ كۆڭلىگە بولىدۇ مايىل.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ھەل قىلالماس تېۋىپلار، بار بىر مۇئەمما،
توققۇز شىشىدىمۇ يوق ئەجەلگە داۋا.

— خوسراۋ دېھلەۋى

ساپال ۋە زەر قاچا ئىشتا باراۋەر،
قىممەتتە لاي بىرى، بىرى بولسا زەر.

— خوسراۋ دېھلەۋى

قاتتىق زەربىدىن ئېشەك يىقىلسا بىھوش،
بىر سىقىم ئارپىدىن ئۇ يەنە دىلغۇش.

— خوسراۋ دېھلەۋى

گۈل ئۈستىدە لىباس بولسىمۇ چىندە،
ھىدىدىن مەلۇمكى ئۆزگە گۈلشەندىن.

---

① — خوسراۋ دېھلەۋى

ھەركىم بىلگىنىچە قىلىدۇ ئىدراك.

— ھاپىز شىرازىي

بۇ سۆزنى چۈشىنەر دېدى بىر كىشى،
قۇلۇپ قولىدىن كەلمەس ئاچقۇچىنىڭ ئىشى.

— ئابدۇراخمان جامىي

بۇ ئالتە تەرەپلىك دۇنيادا ھەرۋاق،
ئالتە خىل كىشىنى كۆرمەيسەن خۇش چاغ.
بىرى، ھەسەتخوردۇر، نەدە يۈرسىمۇ،
ئۆزگىلەر بەختىدىن ئۆرتىنىدۇ ئۇ.
ئۆزىدىن باشقىنى بەختلىك كۆرگەن كۈن،
ئەلەمدىن جېنىغا چۈشىدۇ ئۇچقۇن.
ئىككىنچىسى — كەكچى، ئاداۋەتچىدۇر،
يامان خۇلـق، ياماnلىققا دىۋەتچىدۇر.
ئۆزگىگە قىلمىسا ئۈچلۇك مالامەت،
ئۇنىڭ ئۆز تېنىنى تېشەر ئاداۋەت.
ئۈچىنچىسى — يېڭى باي بولغان كىشى،
كۈن ۋە تۈن ئىككى خىل ئۇنىڭ تەشۋىشى:
بىرى — يەنىمۇ كۆپ مال ـ دۇنيا توپلاش،
بىرى ـ دۆلىتىنى قولىدا ساقلاش.
تۆتىنچىسى — خەسىس: ئالتۇن ۋە كۈمۈش —
دىلىنى باراۋەر ئىككىگە بۆلمىش.

غەم يەيدۇ، پىقىرلىق چۇشمىگەي ناگاھ،
بولمىغاي، دەر، يورۇق كۇنلىرىم قارا.
بەشىنچىسى — مەنسەپپەرەس كىشىدۇر،
ئۆز گۆشىنى يىمەك ئۇنىڭ ئىشىدۇر.
ئارزۇسى يۇقىرىغا ئۆرلىمەك ھامان،
قىينىلار تاشلالماي مۆلجەلگە ئارقان.
ئالتىنچىسى — ئەدەب - ئەخلاق دۇشمىنى،
ئەدەبلىكلەر ئۇنىڭ ھەر چاغ دۇشمىنى.
تەبىئىتى سىنەسىپ بولغاچ ئەدەبتىن،
باشقىلارنى كۆرۈپ ئۆرتىنەر دەردتىن.

— ئابدۇراخمان جامى

يىقىندا شەھەردە ئىككىلا ئادەم،
جان ئۇشى قەپەزدىن ئۇچۇپ كەتكەن دەم.
بىرى تاجۇ تەختتىن ئۇمىدىنى ئۇزدى.
بىرى ۋەيرانىدا تىنچلىقنى بۇزدى.
بىرى جەسەتىدە شايىدىن كەپەن
بىرى ئەسكى بوزغا ئورالغان بەدەن.
بىۋاپا دۇنيادىن چىكىپ ئاھۇزار،
ئىككىسىنىڭ جايى بولدى كونا غار...
ئاردىن بىرنەچچە يىل كەتتى ئۆتۈپ،
ئۇلارنىڭ غارىغا باردىم دەرد يۇتۇپ.
كۆردۈم، ھەر ئىككىسى چىرىپ كىتىپتۇ،
سۆڭەكلەر بىر - بىرىگە كىرىپ كىتىپتۇ.

مىڭ ئويلاپ تېگىگە يەتمىدىم ئەسلا،
قايسىسى پادىشاھ، قايسىسى گاداھ؟

— ئابدۇراخمان جامىي

گۈل توزۇپ، قالمىسا ياپراقتىن بىرى.
نەپ بارمۇ ياش تۆكسە باھار يامغۇرى.

— ئابدۇراخمان جامىي

مەشرىقتىن يېيىلسا ئاپتاپ نۇرى،
نىمە يورۇق چاچار مەشئەلنىڭ زورى①؟
خۇش ھايات ئاملى بەشكە يېتىدۇ،
ھەممە دانا ئاگا ملار ئىشارەت.
ساغلاملىق، ئامانلىق ھەم پاراۋانلىق،
ياخشى سۆھبەتداش، دوست، دىلغا پاراغەت.

— ئابدۇراخمان جامىي

مۇقبىل كىشى چاقچاق قىلسا، ئەيىب ئەتمە،
بۇ ئىشقا يول قويار دائىم ئەقىل - دىن.
كۆگۈل بىر ئەينەك چاڭ بېسىپ تۇرار،
چېگى كېتىپ، روشەنلىشەر ھەزىلدىن②.

— ئابدۇراخمان جامىي

---

① زورۇقۇش مەنىسىدە.
② چاقچاق.

يوقالغان نەرسە كىچىك بولسىمۇ،
دېمىگىن، «ئىزدېمە بارمۇ قىممىتى؟»
زەرشۇناس كىشىلەر بىلىدۇ بۇنى،
تاپقاندىن ئارتۇقدۇر تاپقان لەززىتى.

— ئابدۇراخمان جامي

كۆرگەنمىدىڭ، تېۋىپ ئاچچىق دورىنى
شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىدۇ ھامان.
شۇنداق ھېلە بىلەن كېسەل تېنىدىن
ھەممە كېسەللىكنى قوغلايدۇ ئاسان.

— ئابدۇراخمان جامي

قايسىبىر خانىدىن يول ئالسا تۇتۇن،
ئىشىك ـ تاملىرىنى قارا قىلار پۈتۈن.

— ئابدۇراخمان جامي

ئىشىم بولار مېھمان خىزمىتى،
جېنىمغا جا① ئۇنىڭ مىننىتى.
مېھمانىم دىنسىزمۇ ۋە ياكى دىندار،
بۇ تەرىپى بىلەن نېمە ئىشىم بار؟

— كامالىددىن بىنايي

① جايلاشماق، ئورناشماق، سىغماق.

تەشۋىشلىك بۇ ئالەمدە تىرىش دائىم شۇ قەدەر،
قالمىسۇن مىجەزىڭدە قوپاللىقتىن تا ھېچ ئەسەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

قىلدىم كۆپ ئىمتىھان، قەرز ئالمىغىن،
بەرسىمۇ ساڭا جان، قەرز ئالمىغىن،
قەرز ئاداسى مەھەل، ئاچتىن ئۆلسەڭ ئۆل،
ئادەملەردىن بىر نان قەرز ئالمىغىن.

— ئابدۇقادىر بېدىل

كىمكى سۈتكە سۇ قاتار،
ۋارقىراپ ماختاپ ساتار.

— ئابدۇقادىر بېدىل

# پارس - تاجىك شېئىرىيىتى تالانتلىرى

(قىسقا مەلۇماتلار)

## ئەبۇشۇكۇر بەلخىي

(915 — × ئەسىر ئاخىرى)

915 - يىلى تۇغۇلغان، بۇخارادا ياشاپ، شۇ جايدا ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەڭ يىرىك ئەسىرى «ئاپىرىننامە» دېگەن داستانى بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. پەقەت قەدىمكى تەزكىرە ۋە لۇغەتلەردىلا ئايرىم پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان، خالاس.

ئەبۇشۇكۇر بەلخىي ئىجادىدە گۇمانىزىم (ئىنسانپەرۋەرلىك)، كىشىلەرنى باراۋەرلىككە، تىنچلىققا دەۋەت قىلىش، ئەمگەك سۆيۈش، ئىلىم ۋە ھۈنەرنى تەرغىپ قىلىش كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ:

ئارزۇ - تىلەك يولى ئەمگەك تېگىدە،
خەزىنىنىڭ مولى ئەمگەك تېگىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۆھەرنى ھۈنەرسىز دېمىگىن گۆھەر
گۆھەر نەرقىنى ئاشۇرغان ئەسلى ھۈنەر —

ئوخشاش مىسرالىرى مىڭ يىللاردىن بېرى خەلق ئاغزىدىن چۈشمەي كەلمەكتە.

بۇ مۇتەپەككۇر ئۇلۇغ رۇداكىي بىلەن بىللە پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا داستانچىلىقنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئاڭا ئاساس سالغان شائىرلاردىن بىرى. ئۇنىڭ تىلى راۋان ۋە يېقىملىق.

## ئەسەدىي تۇسىي

## (1072 - يىلى ۋاپات بولغان)

تۇس دېگەن يەردە تۇغۇلغان، ئەمما ياش ۋاقتىدا كاۋكازدا ياشىغان.

ئەسەدىي تۇسىي ئۇلۇغ پىردەۋسىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى. ئۇ «گېرشەسپنامە» دېگەن يىرىك ئېپىك داستان يېزىپ پىردەۋسىي «شاھنامە» سىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ پارس ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىمۇ چوڭ رول ئوينىغان شائىر ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى «پارس تىلى لۇغىتى» (1060) نىڭ ئاپتورى.

## پەرىدىدىن ئەتتار

(1230 — 1119)

تەسەۋۋۇپ ① شائىرلىرىدىن پەرىدىددىن ئەتتار پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن ئالغان شائىرلاردىن بىرىدۇر.

ئۇنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» («قۇشلار تىلى») ئەسىرى پەقەت پارس ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتلىرىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشىۋاسى ئەلىشىر ناۋايىمۇ بۇ ئەسەرنى بەكمۇ سۆيۈپ ئوقۇغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىمۇ شۇنداق بىر كىتاب يازغان.

ئەتتارنىڭ يەنە «پەندنامە»، «بۇلبۇلنامە» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ «پەندنامە» سى پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا دىداكتىك ② ژانىرنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىدىن بىرى. «بۇلبۇلنامە» دە شائىر شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان گۈل ۋە بۇلبۇل سۆيگۈسى ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە ئاساس سالغان.

ھەركىمكى دىلئازاردۇر،

---

① غەيرىي تەبىئىي ئالەمگە، ئىلاھ ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە ئىشىنىدىغان دىنىي ئېتىقاد.

② ئىبرەت بولىدىغان، تەربىيە بېرىدىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتى ئاھۇزاردۇر، —

دېگەن شائىر، ئادەملەر ئارىسىدا مېھىر - شەپقەت ئۇرۇ-
قىنى چېچىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى بىلەن قەدىرلىك.

## رۆكنىددىن ئەۋھادىي

(1337 - يىلى ۋاپات بولغان)

ئەزەربەيجان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، پارس تىلىدا يازغان شائىرلاردىن بىرى ئەۋھادىي مەراغەيى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسپاھاندا ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز زامانىنىڭ مەشھۇر شەيخلىرىدىن بولغان ئەۋھادىددىن كېرمانىنىڭ شاگىرتى. ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇپ غايىلىرىنى ئىپادىلىگەن «جامىي جامشىد[1]» («جەمشىد جامى») دېگەن ئەسەر يازغان. شەرقتە بەكمۇ مەشھۇر بولغان بۇ ئەسەر سانائىينىڭ «ھەدىقەتۇل ھەقايىق» ئەسىرىگە نەزىرە قىلىپ ئىجاد قىلىنغان.

## تاشخوجا ئەسرى

(1865 - 1916)

تاجىك مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىدىن تاشخوجا ئەسرى 1864 — 1865 - يىللىرى خوجەند (ھازىرقى لېنىنئابات) شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1882 — 1890 - يىللىرى قوقاندا ئىلىم تەھسىلىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز يۇرتىغا

قايتىپ كەتكەن ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە خوجەندتە تۇگمەن تېشى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەسرىي شېئىرلار يېزىپ، خەلققە مەرىپەت تارقىتىشقا ھەرىكەت قىلغان. ھۈنەرۋەن شائىرنىڭ «ئادىمىلىك دېگەن نېمە؟»، «مۇداپىئە» شېئىرلىرى، «بېكاباد قانىلى» داستانى ۋە باشقا ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا شۆھرەتكە ئىگە بولغان.

ئەسرىي ئۆزبېك دېموكراتىك شائىرلىرى مۇقىمى، پۇرقەت بىلەن، شۇنىڭدەك سەدرىدىن ئەينى، خىسلەت ۋە باشقا شائىرلار بىلەن شەخسەن تونۇش، دوست ۋە مەسلەكداش، ئۇ ئۆزبېك تىلىدىمۇ ئەسەرلەر يازغان.

خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە مەرىپەتىنى تەلمۈرۈپ كۈتكەن شائىر ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ھارپىسىدا، 1916 - يىلى مارت ئېيىدا خوجەندتە ۋاپات بولغان.

## خانزاله بارغىسي

(تەخمىنەن 885 - يىلى ۋاپات بولغان)

نىشا پوردا ياشاپ، ئىجاد قىلغان بۇ شائىر ھاياتى ھەققىدە بىر ھېكايىلا ساقلىنىپ قالغان، خالاس.

رىۋايەتكە قارىغاندا، بىر پادىچى ئۇنىڭ دائىم شىجائەتتە چارلاش ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىر چوڭ لەشكەر بېشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەبۇلپەزىل بەيھەقىي

(1086 — 995)

مەشھۇر تارىخچى ۋە يازغۇچى، ئۆز دەۋرىنىڭ زور مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «تارىخىي بەيھەقىي» دېگەن كىتابى ئۆز دەۋرى ۋەقەلىرىنى خېلى ئېنىق يېزىپ قالدۇرغان بەكمۇ مۇھىم مەنبەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## كامالىددىن بىنايىي

(1512 - 1453)

ناۋايىنىڭ زامانىدىشى، تالانتلىق شائىر، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلمىي خادىملىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ رىھنى ۋە قابىلىيىتىگە ئەلىشىر ناۋايى بەكمۇ يۇقىرى باھا بەرگەن.
كامالىددىن بىنايىي تۈركىي تىلىدىمۇ شېئىرلار يازغان. 1512 - يىلى قەتل قىلىنغان.

## ئابدۇقادىر بېدىل

(1721 - 1644)

ئاتا - بوۋىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىق، بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان بۇ زەربەردەس شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە ئالىم ھىندىستاننىڭ ئەزىمابار دېگەن شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە

پۈتۈن ھاياتىنى ھىندىستاندا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەسەر-لىرىنى تاجىك تىلىدا يازغان ۋە تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئۇ شېئىر تېخنىكىسى، شەكلى، ئوبرازلار سىستېمىسى ساھەسىدىمۇ ئىزدەنگەن شائىر ۋە ئالىم ئىدى. بېدىلنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پىكىرلەر ۋە ئوبرازلار ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى ۋە جاسارىتى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇل-غان دەۋرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

بېدىلنىڭ ئاجايىپ داستانى «كومدى ۋە مودەن» شەرقنىڭ كۆپلىگەن داستانلىرىغا ئوخشاش پاجىئە بىلەن ئەمەس، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈگەيدۇ. «مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ». نۇرغۇن نەسرىي ۋە پوئېتىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بېدىل ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى مەشھۇر.

## پەخرىدىن گۇرگانىي

(XI ئەسىر)

گۇرگانىي نامى 1048 - يىلى يېزىلغان بىرلا «ۋىس ۋە رامىن» دېگەن لىرىك داستانى بىلەن بىزگە مەلۇم. شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ساقلىنىپ قالمىغان.

داستاندا ئاپتور ساراي ھاياتىنى نىشانغا ئېلىپ، ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق سەھىپىلەر ياراتقان.

ئاشىق - مەشۇقلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈگىگەن بۇ ئوپتومىستىك داستاننىڭ نۇرغۇنلىغان بېيىتلىرى خەلق ھېكمىتىگە ئايلىنىپ كەڭ تارقالغان.

## ئەبۇ مەنسۇر دەقىقي

(977 — 930)

پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك دەۋرىدە ياشاپ، ئىجاد قىلغان زەبەردەس شائىرلاردىن بىرى. ئۆز زامانىسىنىڭ تالانتلىق ئالىمى، يەكسەك ئەقىل ئىگىسى بولغان بۇ مۇتەپەككۇر شائىر «شاھنامە» يېزىشقا كىرىشكەن. ئەمما داستاننىڭ 1000 بېيىتىگە يېقىن قىسمىنى يېزىپ بولغاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ساتىرلىرىنى ئۆز «شاھنامە» سىگە قوشقان.

## ئابدۇراخمان جامىي

(1492 — 1444)

ئابدۇراخمان جامىي — پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ 500 يىللىق تارىخىغا يەكۈن ياساپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ زور نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىجادىدا ئەكس ئەتتۈرەلىگەن ئۇلۇغ شائىر.

ئۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا ئىجاد قىلغان ھەمدە شاگىرتى ۋە دوستى ئۇلۇغ ئەلىشىر ناۋايى بىلەن بىللە شېئىرىيەتتە مەزمۇن ئۈچۈن كۆرەش قىلغان.

بۇ پارس ئەدەبىياتىغا يەنىمۇ روناق ۋە ھۆسن بېرىشكە، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكان بەرگەن.

## ئۇبەيد زاكۇنىي

(1370 — 1270)

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى تارىخىدا ئېغىر دەۋرلەردىن بىرى بولغان موڭغۇل تالان - تاراجىدىن كېيىن فېئوداللارنىڭ ئۆزئارا بولغان قانلىق تالان - تاراجلىرى ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان شائىر. ئۇبەيد زاكۇنىي ئىجادىدىمۇ، بىز ئۇنىڭ زامانىدىشى ئۇلۇغ لىرىك شائىر ھاپىز شېرازىي لىرىكىسىدا ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ئىسيانىنى كۆرىمىز. ئەمما زاكۇنىي ئۆتكۈر پاش قىلغۇچى ساتىراچىلىقنى تاللىۋالغان. ھېچقانداق قىيىنچىلىقلار ۋە مەھرۇمىيەتلەر ئۇنىڭ قەددىنى پۈكەلمىگەن. بۇ ئاجايىپ شائىر بەكمۇ پېقىرانە ئۆمۈر كەچۈرسىمۇ روھىي ئازاد ۋە مەنىۋى دۆلەتمەن ئىدى. ئۇ نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، روھانىيلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى ماھىرانە ۋە جەسۇرانە ئېچىپ تاشلىغان زور ساتىرىك شائىردۇر.

ئۇبەيد زاكۇنىي ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك ھاياتىدا ئەمگەكچى خەلق ئۇچۇن نىجات يولى ئىزدەپ تاپالمىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ:

شۇنداق ئۇبەيد، نىجات ئەسلا كۆرۈنمەس،
يا خوجايىنلاردىن ۋە يا خۇدادىن —

دەپ پەرياد چېكىپ ئۆتتى.

## زىبۇننىسا

## (1702 — 1639)

ھىندىستاندا بابۇر مىرزا ئاساس سالغان سۇلالىدىن شاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ قىزى بولغان بۇ ئاجايىپ شائىرە «دۇختەرى شاھ ھەم ۋە لېكىن رۇبا پەقىر ئاۋارەئەم (شاھ قىزىمەنۇ، لېكىن گادايلىققا يۈزلەندىم) دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىنى ۋە چوڭقۇر ئىجابىي ھېسلىرىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ.

شائىرە ئىجادىدە ئاشكارا ئىسيانكارلىق بولمىسىمۇ ئاياللارغا خاس نازاكەت ۋە لەتاپەت، كۈچلۈك ھاياجان ھەمدە بىچارە يۇقراغا، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئېغىر ۋە ئەركسىز ئەھۋالىغا ئېچىنىش. ئۆتۈپ كەتكەن بىدئەتچى①ئاتىسىغا ۋە روھانىلارغا، زالىم ئۆلىمالارغا قارشى ئىسيان سېزىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ھىندىستانغا قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا كۆپرەك شۆھرەت تېپىپ، كەڭ تارقالغان.

---

① كونا رەسمىي قائىدە، ئۆرپ - ئادەتلەرگە بېقىنغۇچى.

## ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا

(1037 — 980)

گېنىئال ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا مول بىلىم ئىگىسى بولۇشى بىلەن بىللە ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ۋە ئىخچام شېئىرلار ئىجادچىسىدۇر.

ئۇ ئادەمنىڭ ئەقىل - ئىدراك كۈچىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئىنساننى ئۇلۇغلىغان پىكىرلەرنى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئىلمىي - پەلسەپىۋى كىتابلىرىدىلا ئەمەس، قىتئە ۋە رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەرلىرىدىمۇ ناھايىتى قىسقا ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرىگە بىر قاتار ئىلغار تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ تەبىئەت ۋە كىشىلىك پائالىيىتىنىڭ دېگۈدەك ھەممە ساھەسىنى ئىگىلەپ ئىلىشقا قادىر 100 دىن ئارتۇق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. «تىبابەت قانۇنلىرى»، «شىپا» دېگەندەك كىتابلىرى ئالەمگە مەشھۇر بولغان ئالىم بىلىمنىڭ چېگرىسى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ، تۆۋەندىكى رۇبائىينى يېزىپ قالدۇرغان.

ھېچبىر گەپ قالمىدى مەلۇم بولمىغان،
بەكمۇ ئاز سىر قالدى مەپھوم بولمىغان.
لېكىن، بىلىمىم ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىسام،
بىلدىمكى، ھېچ نەرسە مەلۇم بولمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىبنى يەمىن

(1286 — 1268)

ئەمىر مەھمۇت ئىبىن ئەمىر يەمىندىن تۇغرائىي XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوراسان شائىرلىرىدىن يەمىنىددىن تۇغرائىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ شوخ بالا ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ دادىسى بىلەن مۇشائىرە قىلغان ۋە تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشكەن. ئەمما خوراساندا موڭغۇل تالان ـ تاراجى ۋە ئۆزگىرا كۆرەشلەر ئۇلغايغان دەۋردە ياشىغان ئىبنى يەمىنىنىڭ كۆپ ھاياتى سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن.

ئۇنىڭدىن قەسىدەلەر، غەزەل ۋە قىتئەلەر قالغانكى، بۇ ئەسەرلەردە دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان، ھايات تەجرىبىسى بىلەن كامالغا يەتكەن كىشى ۋە ماھىر شائىر ئوبرازى ئامايان بولىدۇ.

## ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

(1957 — 1887)

بۇ شائىر ئىراندا ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى بولغان. شائىر ۋە جەڭچى ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇھاجىرلىققا كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ، تاجىك سوۋېت ئەدەبىياتىنى باشلاپ بەرگەن شائىرلار ـ دىن بىرى بولغان. لاھۇتىي شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇ ـ

نى كوممۇنىزم غايىلىرىنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ نۇرغۇن غەزەللىرى خەلق قوشىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## ئەبۇلمەلىك مۇئىززىي

(1147 - يىلى ۋاپات بولغان)

نىشاپوردىن چىققان شائىر مۇھەممەد ئىبىن ئەبۇلمەلىك مۇئىززىي شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى بولغان سۇلتان سەنجەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ۋىزانتىيەگە ئەلچىلىككە بارغان. ئۇ قەسىدەچىلىكتە غەزنىۋىيلەر دەۋرى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

## ئابدۇراخمان مۇشپىقىي

(1588 - يىلى ۋاپات بولغان)

XVI ئەسىر ئاخىرىدا ياشاپ، تەخمىنەن 1588 - يىللىرى ۋاپات بولغان بۇ ئاجايىپ شائىر تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە لايىق ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇ غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، مۇسەددەس ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى.

ئۇ ئۆز زامانىسى ھاياتىدىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى، ھاكىم سىنىپلار نامايەندىلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن پاش قىلغان. خەلق بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ موللا موشپىقىي، ئەسىرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش خەلق لەتىپىلىرى قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## نىزامىي گەنجەۋىي

## (1203 — 1141)

ئەزەربەيجاننىڭ گېنىئال شائىرى ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامىي گەنجەۋىي شەرقتە خەمسەچىلىكنى باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغ سەنئەتكاردۇر. بۇ دانىشمەن سۆز ئۇستىسى ئىجادىغا ئەلىشىر ناۋايى بەكمۇ يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۆزىمۇ شۇنداق كىتاب يېزىشقا كىرىشكەن.

جاھان ئەدەبىي سۆز خەزىنىسىنى بېيىتقان ئەسەرلەر-دىن بىرى بولغان نىزامىي «خەمسە» سى «موھزانۇل ئەسرار» («سىرلار خەزىنىسى»)، «خىسراۋ ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ھاپت پەيكار» — («يەتتە گۈزەل»)، «ئىسكەندەر-نامە» داستانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆپ شائىرلار ئەگەشكەن. ھازىر بۇ ئەسەرلەر جاھاننىڭ كۆپ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## سەيىدا نەسەپىي

## (XVII ئەسىر)

تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى كېيىنكى دەۋرىنىڭ كاتتا نامايەندىلىرىدىن بىرى. قارشى شەھىرىدىن بولۇپ، كاسىپ-چىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەن. سارايغا بېرىشتىن باش تارتىپ، شەخسىي ئەركىنلىكىنى ساراي ھەشەمەتلىرىدىن ئەۋزەل كۆرگەن.

سەيىدا نەسەپىي شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى ئىدىيولوگىيە-سىنى ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى

ئەمگەكچى خەلقنى، ھۈنەرۋەنلەرنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ «باھا-
رىيات»، «شەھەر ئاشوب» ئوخشاش داستانلىرى ۋە لىرىك
شېئىرلار دىۋانى بار.

قىيىن ۋە جاپالىق ئۆمۈر كەچۈرگەن سەيدا نەسەپىي
1707 — 1711 - يىللىرى ئارىسىدا ۋاپات بولغان.

## پەرۋىن ئەتىسامىي

(1940 — 1906)

ئىران دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان
شائىرە. پەرۋىن ئەتىسامىي ئۆز شېئىرلىرىدا ئىران ئايالل-
رىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىغا ئېچىنىدۇ، ئۇلارنى ئەركىنلىككە چې-
قىرىش يوللىرىنى ئىزلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى نازاكەت ۋە
لاتاپەتلىك تۇيغۇلار بىلەن تولغان.

## ئەبۇئابدۇللا روداكىي

(941 - يىلى ۋاپات بولغان)

پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى. X ئەسىرنىڭ
كېنىشال سەنئەتكارى ئەبۇئابدۇللا جاپپارىبىنى مۇھەممەد
روداكىي ئەخمەنەن 855 — 865 - يىللىرى ئارىلىقىدا تۇغۇلغان.
بۇخارادا ياشاپ، ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ناھا-
يىتى كۆپ لىرىك شېئىرلار ۋە ئۈچ چوڭ داستانىنىڭ مۇئەللىپى.
ئۇنىڭ ئاجايىپ شېئىرلىرى، ئۆزىنىڭ راۋان تىلى ۋە
چوڭقۇر مەزمۇنى، خەلق ئەدەبىياتىغا يېقىنلىقى بىلەن ئۆز-
دىن كېيىنكى شائىرلارغا نەمۇنە بولغان. شۇڭلاشقا، پارس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلىدىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەقلىق رەۋىشتە ئۇنى «پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئادەم ئاتىسى» دەپ ئاتىغان.

## جالالىدىن رومىي

(1272 — 1207)

بەلخلىق تاجىك جالالىدىن رومىي موڭغۇل يۈرۈشلىرى دەۋرىدە دادىسى بىلەن ئۆز يۇرتىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارىلاپ، ئاخىرى كىچىك ئاسىيادا تۇرۇپ قالغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە شۇ يەردە ياشىغان.

كاتتا تەسەۋۋۇپ شائىرى ھېسابلانغان بۇ مۇتەپەككۇر سۆز ئۇستاتىنىڭ چوڭ ھەجىملىك «مەسنەۋىي» كىتابىنى خەلق مەسەللىرى قامۇسى دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ غەزەللىرىدە لىرىك قوشاقلار تەسىرى بەكمۇ كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئىجادىدە ئادەملەر تەقدىرىگە كۆيۈنۈش، ئۇلارغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت ھېسلىرى قويۇق.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە:

ھەددىدىن ئاشمىسۇن ئارزۇنىڭ كۆپى،
تاغنى كۆتۈرەلمەس بىر سامان چۆپى —

ئوخشاش دانا مىسرالار كۆپ.

## مەسئۇد سەئىد سەلمان

## (1121 — 1046)

سەلماننىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئەسلىدە ھەمەدانلىق بول‍ـ سىمۇ شائىرنىڭ ئۆزى لاھۇدا تۇغۇلغان. ئاتىسى ئۆز زاما‍ـ نىنىڭ ئاڭلىق كىشىلىرىدىن ئىدى. سەلمان شەيخلەر بىلەن چىقىشىپ ياشاشتىن كۆرە، ئۆز ئەركىنلىكىنى بەكمۇ يۇقىرى قويغان. ئۇنى ھەتتا 20 يىل زىندانغا سالغاندىمۇ روھىي ئەركىنى قولدىن بەرمىگەن. شائىر مۇنداق دېگەن:

ئەگەر ماكانى بولسىمۇ ئاسمان
بولمايمەن دۈشمەنگە تەسلىم ھېچقاچان.
قاچان شىر تۈلكىگە بويۇن ئېگىپتۇ،
قاچان قۇشقاچ لاچىنغا بەرگەن پەرمان؟

## ئەبۇلمەجد سەنايى

## (1141 — 1045)

بۇ كاتتا شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندا بەك مەشھۇر، ئاڭا ئەگەشكۈچى شائىرلارمۇ، سورۇنلاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغانلار سانىمۇ بەك كۆپ بولغان. شائىرنىڭ «ھەدىقەتول ھەقايىق» («ھەقىقەت بېغى») ۋە «سەيرۇل ئىباد ئىلال مەئاب» («خۇدا بەندىسىنىڭ

ئۇ دۇنيا سەپىرى») دېگەن ئەسەرلىرى داڭلىق. ئې. ئە. بېر- تېلىس بۇ كېيىنكى داستان ئۇلۇغ ئىتالىيە شائىرى دانتېنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» سىگە تەسىر كۆرسەتكەن دېگەنىدى. فرانسۇز شەرقشۇناسى ئىكېلسانمۇ شۇنداق پىكىردە ئىدى.

## سابىر تىرمىزىي

(1152 - يىلى ۋاپات بولغان)

ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى شەمسۇت- دىن ئەدىب سابىر تىرمىزىي ئىجادىي پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىدە يېتىشكەن. ئۇ ئۆز زامانىنىڭ ھەممە ئىلىملىرىدىن خەۋەردار ئالىم ھەم دۆلەت ئەربابى ئىدى. سۇلتان سەنجەر تەرىپىدىن خارەزىمغا ئەۋەتىلگەن شائىر جاسۇس دەپ قارىلىنىپ، 1152 - يىلى خارەزىم شاھى ئاتسىز ئىبىن مۇھەممەد تەرىپىدىن ئامۇ دەرياسىغا چۆك- تۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## سەئدىي شېرازىي

(1292 — 1184)

ئۆمرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ساياھەتكە بېغىشلىغان، بىلىمىنى جۇشقۇن ھاياتىنىڭ ئۆزىدىن بىلىۋالغان شائىر: «ئاقىل كىشىگە ئىككى ئۈمىد كېرەك، بىرىدە تەجرىبە يىغسا، ئىككىنچىسىدە ئۇنى ئىشقا سالىدۇ» دېگەنىدى.

سەئدىينىڭ ئۆزى ئۇلۇغ مۇرەببىي بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ «گۈلىستان» (1258)، «بوستان» (1257) ۋە باش-

قا ئەسەرلىرىدە توپلانغان ھايات ھەقىقىتى ئىخچام، خەلق قوشاقلىرىدەك راۋان ئىپادىلەنگەن.

سەئدىي دۇنيا ئەدەبىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشالىغان شائىر.

شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان جايى — شىرازدىكى ئۇنىڭ قەبرى ساپ دىل كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

## سائىب تەبرىزىي

(1670 — 1600)

مىرزا مۇھەممەد ئەلى سائىب تەبرىزىي — ئۆز زامانىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى. ئۇ ئىسپاھاندا تۇغۇلغان. ئەمما ياش ۋاقتىدا ھىندىستانغا كەتكەن. ئۇ يەردە ھىندى شېئىرىيىتى ۋە پەلسەپىسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. پارس ئەدەبىياتى تارىخىدا «سەبكى ھىندىي» (ھىند ئۇسلۇبى) ئۇستاتلىرىدىن بىرى.

ئۇ دېھلىدا، كەشمىردە ۋە كابۇلدا ھايات كەچۈرگەن. كېيىن ئىرانغا قايتىپ كېلىپ، مەلىكۇششۇئەرا ئۇنۋانىنى ئالغان. 120 مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت زور ئەدەبىي مىراس قالدۇرغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگىمۇ ساياھەتكە كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

(1025 — 934)

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي تاجىك - پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ رۇستەم داستانى — ئىران ئېپوسىنى ئەڭ يۈكسەك چوققىغا كۆتۈرگەن ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىغا سالماقلىق ھەسسە قوشالىغان بۈيۈك سەنئەتكاردۇر.

ئۇنىڭ 120 مىڭ مىسرادىن ئىبارەت كاتتا ئەسىرى «شاھنامە» داستانى 1000 يىلدىن بېرى، ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئېپوسى دۇنيادىكى ھەممە چوڭ مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدا شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئالىيجاناب قەھرىمانلىق، گۇمانىزم ۋە تىنچلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ نامىغا مەڭگۈ شەرەپ كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ئالدىن بېشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

سوخەد ئۇرۇقى تەردىم چېكىپ مېھنىتىم،
مەن ئۆلسەم، ئەسىرلەر ياشايدۇ ئېيتىم.

## ئەبۇلھەسەن پەررۇخىي

(1038 - يىلى ۋاپات بولغان)

ئەبۇلھەسەن ئەلى پەررۇخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاددىي پادىچىدىن چىققان شائىر، پارس - تاجىك كلاسـ

سك ئەدەبىياتى تارىخىدا قەسىدە ئۇستىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەسىدىلىرىدە بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ كىرىش قىسمىدا، تەبىئەت مەنزىرىلىرى كارتىنىسى بار. ئۇ پارس ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشالىغان شائىر-لاردىن بىرىدۇر.

## زەھىرى پەريابى

(1201 - يىلى ۋاپات بولغان)

بۇ شائىرنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىر-لىرى بەك قەدىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ھەققىدە:

دىۋانى زەھىر پەريابى
دەر مەككە بىپ دۇز، ئەگەر بەيابى.

(زەھىر پەريابى دىۋانىنى ئەگەر مەككىدىن تاپساڭمۇ، ئوغرىلاپ كەت) دېگەن بېيىت مەشھۇر. پەريابى ئۆزى ساراي شائىرى بولۇپ تۇرۇپمۇ، ساراي ئەدەبىياتىنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق قۇرۇق ماختاشلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان.

ئومۇمەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە فېئودال خانلارغا قارشى كەيپىيات كۈچلۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ناسىر خىسراۋ

## (1088 — 1003)

تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا «ھەقىقەت ئىزدىگۈچى» سۈپىتىدە مەشھۇر بولغان بۇ ئاجايىپ شائىر «ئادالەتنى ئالەمنىڭ تاجىسى» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ تاجىكىستاننىڭ بۇرۇنقى قوبادىيان دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىنچە پۈتۈن شەرق مەملىكەتلىرى بويلاپ ساياھەت قىلغان ۋە ئەمەلدارلىقتىن ۋاز كېچىپ، ئۆمرىنى ئاددىي خەلق ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بولغان كۈرەشكە ئاتىغان، ئوت يۈرەك شائىر ناسىر خىسراۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ھېچكىمگە باش ئەگمەي، پامىر تېغى ئارىلىقىدىكى يومغۇن يېزىسىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە روھانىلار زۇلمىغا قارشى قىزغىن مىسرالارنى يازغان.

ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۆتكۈر پاش قىلغۇچى مىسرالىرىدىن قورققان روھانىلار ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ ئېلان قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىشقان. ئەمما ناسىر خىسراۋ ئەسەرلىرى ھېلىمۇ جەڭگىۋار شۇئاردەك ياڭرىماقتا.

## ئۆمەر ھەييام

## (1223 — 1040)

ئۆز ئەسرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئۆمەر ھەييام ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، پەلسەپە ۋە باشقا

پەنلەردىن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. ئەمما بۇ ئاجايىپ ئىنسان ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە روشەن ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگەن رۇبائىيلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

ھەييام ئىجادىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى گومانىزم، ئىنسانلارنى جۇشقۇن ۋە قىزغىن ھاياتقا ئىگە قىلىش، «ئۇ دۇنيادا تاپىسەن» دەپ بەرگەن نىسى ۋەدىلەر ئورنىغا رېئال ھاياتنىڭكى نەق لەززەتلەردىن بەھىر ئېلىشقا مىھنەت ۋە ئادالەت بىلەن شۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدە جەننەت يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

شائىر ئىجادىدا ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلار ناھايىتى كۈچلۈك، بەكمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ئالىم - شائىرنىڭ ھەربىر رۇبائىيىسى بىر ھېكمەت بولغاچقا، ئۇلار دۇنيادىكى بىرنەچچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، قايتا - قايتا نەشىر قىلىنماقتا.

## خوسراۋ دېھلەۋىي

(1325 — 1253)

ئەمىر خوسراۋ دېھلەۋىي پارس ھەمدە ئوردۇ تىللىرىدا شېئىرلار ئىجاد قىلغان تىلى گۈزەل شائىر. ئەلشىر ناۋايى ئۇنى «مۆجىز بايان شائىر» دەپ ئاتىغان ۋە غەزەل ئۇستاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىغان. خوسراۋ دېھلەۋىي سېھىرلىك غەزەللەردىن تەشكىل تاپقان بەش دىۋاننىڭ ئاپتورى. بۇنىڭدىن باشقا شائىر نىزامىي گەنجەۋىي يولى بىلەن مېڭىپ،

ئۇ باشلاپ بەرگەن خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنى داۋام قىلدۇرغان، «پەنج گەنچ» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇنىڭ خەمسەگە «مەتلائۇل ئەنۋار»، «شىرىن ـ خوسراۋ»، «مەجنۇنۇ لەيلا»، «ئائىنائى ئىسكەندەرىي»، ۋە «ھەشت بىھىشت» داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا بۇ كاتتا شائىر «خىزىرخان ۋە دۇۋالرانىي» دېگەن لىرىك قىسىم ھەم تۆت تارىخىي داستان يازغان.

ئۇنىڭ داستانلىرىمۇ غەزەللىرىگە ئوخشاش گۈزەل تىل بىلەن يېزىلغاچقا كىتابخانلارنى مەپتۇن قىلىپ كەلمەكتە.

ئۆز زامانىسىنىڭ ئاقىل ۋە بىلىملىك كىشىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر:

ئادەمنىڭ شەرىپى ئىلمىنىڭ مولى،
كىمكى دانا بولسا، مەن ئۇنىڭ قۇلى.

دېگەنىدى، ھازىر ئۇنىڭ گۈزەل ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى مەپتۇن قىلىۋالماقتا.

## كامال خوجەندىي

(1390 - يىلى ۋاپات بولغان)

شائىر خوجەند (ھازىرقى لېنىنئاباد) شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھاپىز شىرازىينىڭ زاماندىشى ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان لىرىك شائىر. ئۇنىڭ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا غەزەل ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس تۆھپىسى بار. كامال

خۇجەندىي ئۆز شېئىرلىرىدا ئىنسانىي سۆيگۈ، پاك مۇھەببەتنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ شاھلارنى ماختاپ قەسىدە يازمىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت بار.

كامال ياشلىقىدا ئالتۇن ئوردىغا ئەسىر قىلىنىپ ئەكېتىلگەنچكە، ئۇ يەردە تاتار ئەدەبىياتىدا يېڭى يۆنىلىشكە ئاساس سالغان بولسىمۇ، دائىم ئۆز ۋەتىنى ھەققىدە ئويلىغان، تاجىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆز ئېلىنى سېغىنىپ بەكمۇ تەسىرلىك شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

جاسارەتلىك شائىر زىندانلاردا ياتقىنىغا قارىماي ئاخىر سارايدىن كەتكەن ۋە تەبرىزگە كېلىپ، غېرىبلىق، مۇساپىرلىقتا ئۆمۈر كەچۈرگەن.

ئۇنىڭ نامى تاجىك - پارس كلاسسىكلىرى ئارىسىدا ھەققانىي رەۋىشتە ھاپىز بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھاپىز شېرازىي يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇشائىرە قىلىشقان.

## شەبىستارىي

(1320 - يىلى ۋاپات بولغان)

شائىر تەبرىز يېنىدىكى شەبىستار دېگەن يەردىن چىققان ۋە كېيىن تەبرىزنىڭ ئالىم ۋە پازىل كىشىلىرى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان.

مەھمۇن شەبىستارىي تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىدىن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ «گۈلۈستانى روز» («سىرلار گۈلشەنى») دېگەن ئەسىرى بارلىقى مەلۇم. ئەسەر خوراسان شەيخلىرىدىن مىر خوسەيىن سائادەت تەرىپىدىن قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى يورۇتۇلىدۇ.

بۇ داستان شەرقتە ھازىرغىچە ئوقۇلماقتا.

## ھاپىز شېرازىي

(1389 — 1300)

شەمشىددىن مۇھەممەت ھاپىز شېرازدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە شۇ ئانا شەھىرىدىن ھېچ يەرگە چىقمىغان بولسىمۇ، پوئېتىك شۆھرىتى پۈتۈن ئالەمنى قاپلىغان لىرىك شائىردۇر. ياش چېغىدا يېتىملىكتە ئېغىر ھايات كەچۈرگەن ھاپىز شائىرلىق شۆھرىتىنى ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىي ئىشق، گۈل سەيلىسى، مەي كەيپى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ماۋزۇلارنىڭ ھەممىسىدىمۇ مەۋجۇت تۈزۈمگە، ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە روھىنى قۇل قىلىشقا قارشى ئوتلۇق مىسرالار ياڭرايدۇ.

گېنىئال لىرىك شائىرنىڭ ئىسيانكار روھى يالقۇنلىنىپ تۇرغان ھەر بىر غەزىلى ئادەمدە ياخشى كەيپىيات ئويغىتىدۇ، ھاياتقا جۇشقۇن مۇھەببەت بەخش ئېتىدۇ.

ھاپىز پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا ئىنسانىيەت-

نىڭ پارلاق كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ كۆچلۈك بولغانلىقى، ئۇ چىن ئىنسانىي تۇيغۇلارغا تولۇپ تاشقانلىقى ئۇچۇنمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنى ئالقىشلايدۇ.

## بەدرىددىن ھىلالىي

(1528 - يىلى ۋاپات بولغان)

يىرىك شائىر ھىلالىي ئاستراباتتا تۇغۇلغان. ئەمما ئۇ ئۆسمۈر چېغىدا ھىراتقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھىلالىي ئەلشىر ناۋايى بىلەن كۆرۈشكەن، ناۋايى ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. ھىلالىي غەزەل ماھىرى. ئەمما ئۇنىڭ غەزەل دىۋانىدىن تاشقىرى «شاھ ۋە دەرۋىش»، «سىپەتۇل ئاشىقىن» ھەمدە «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق داستانلىرى بار. ھىلالىي 1528 - يىلى ئابدۇللاخان ئەشتەرخانى تەرىپىدىن ھىراتتا قەتل قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**先辈圣训录**

（维吾尔文）

译者：阿·海里帕提

责任编辑：库尔班·巴拉提

---

新疆青少年出版社出版（乌鲁木齐市建设路九号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米　32开本　11.75 印张

1986年7月第1版　1987年3月第1次印刷

印数：1 —— 30.150

ISBN7—5371—0027—6 1—7

---

统一书号：M10124·226　定价：0.87 元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7-5371-0027-6-/I-7
كىتاب نومۇرى: M10124·226

باھاسى: 0·87 يۈەن

XZDW